# ئۇيغۇر قامۇسلىرى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش



شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى



# ئۇيغۇر قامۇسلىرى توغرىسىدا
# دەسلەپكى ئىزدىنىش

تۈزگۈچى : بەكرى ئىبراھىم چابىش

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

图书在版编目（CIP）数据

维吾尔绰号初探 : 维吾尔文 / 白克力·伊布拉音·贾比西编写. -- 乌鲁木齐 : 新疆人民卫生出版社, 2015.1

ISBN 978-7-5372-5239-3

Ⅰ. ①维… Ⅱ. ①白… Ⅲ. ①维吾尔族-别称-研究-维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ. ①H215

中国版本图书馆CIP数据核字(2015)第016636号

书　　名：维吾尔绰号初探
策　　划：外力·克里木
编　　写：白克力·伊布拉音·贾比西
责任编辑：哈斯亚提·依不拉音
责任校对：乔尔帕·吐尔逊
封面设计：艾尼瓦·卡森木
出　　版：新疆人民出版总社
　　　　　新疆人民卫生出版社
地　　址：乌鲁木齐市龙泉街196号
网　　址：http://www.xjpsp.com
印　　刷：乌鲁木齐光大印刷有限公司
发　　行：新疆新华书店
版　　次：2015年1月第1版
印　　次：2015年1月第1次印刷
开　　本：880×1230毫米 1/32开本
印　　张：5.75
书　　号：ISBN 978-7-5372-5239-3
印　　数：1—3000
定　　价：15.00元

---

发行科联系电话：(0991)2823055 邮编：830001

مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى : ئەنۋەر قاسىم



2015 A
7791

ISBN 978-7-5372-5239-3

定价：15.00 元

# ئاپتور ھەققىدە

يەرلىك تەزكىرە ۋە ئۇيغۇر لەقەملىرى ئۇستىدە ھەر تەرەپلىمە ئىزدىنىپ كېلىۋاتقان پېشقەدەم تەتقىقاتچى بەكرى ئىبراھىم چابىش 1944 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئوچاقلىرىدىن بىرى بولغان تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ پىچان ناھىيەسى دىغار يېزىسىنىڭ كارىز كۆلى كەنتىدە دۇنياغا كەلگەن. 1951 ـ يىلىدىن 1955 ـ يىلىغىچە ئۆز يېزىسىدا باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ، 1960 ـ يىلىغىچە ئائىلە ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللانغان. 1961 ـ يىلىدىن 1964 ـ يىلغىچە پىچان ناھىيەسىنىڭ لۈكچۈن يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇغان. مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ ئىككى يىل كارىزچىلىق قىلغان. 1964 ـ يىلىدىن 1968 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ يېزا ئىگىلىكى ماشىنىسازلىق مەكتىپىدە ئوقۇغاندىن كېيىن، پىچان ناھىيەسىنىڭ تۇيۇق يېزىسىدا ئىككى يىل قايتا تەربىيە ئالغان. 1970 ـ يىلىدىن 1979 ـ يىلىغىچە «شەرق قىزاردى» سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى قۇرۇلۇش باش ئىشتابىدا ئىشلىگەن ۋە ئىش ئورنىدا مەجرۇھلانغان. 1979 ـ يىلىدىن 1998 ـ يىلىغىچە پىچان ناھىيەسىنىڭ دالانكارىز، دىغار يېزىلىرىدا خىزمەت قىلغان.

1980 ـ يىللاردا يەرلىك گېزىت، رادىيو ئىستانسىلىرىنى نۇرغۇن ئاخبارات ماقالىلىرى بىلەن تەمىنلىگەن. شۇنداقلا يەرلىك تەزكىرىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى»،

«شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» قاتارلىق ژۇرناللاردا ئىزدىنىش روھىغا باي، ماتېرىيال مەنبەسى مول، پاكىتلىرى تولۇق بىر قىسىم ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلىپ، ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشكەن.

بەكرى ئىبراھىم چابىش مەجرۇھ ۋە ياشىنىپ قالغىنىغا قارىماي، ئۇيغۇر لەقەملىرى ھەققىدە 25 يىلدىن ئارتۇق ئەتراپلىق ئىزدەنگەن، دىيارىمىزدىكى نۇرغۇن قەدىمىي يۇرتلارغا بېرىپ، ئىمكانىيىتىنىڭ يېتىشىچە شۇ يۇرتلاردىكى لەقەملەرنى توپلاپ، تۈرگە ئايرىپ، ھەرقايسى يۇرت لەقەملىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە خاسلىقىنى تېپىپ چىقىپ، ئۇيغۇر لەقەملىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى، ئالاھىدىلىكى ۋە خاسلىقى ھەققىدە ئىلمىي خۇلاسە چىقىرىشقا ئاساس سالغان. ئۇ توپلىغان، رەتلىگەن، تەتقىق قىلغان ماتېرىياللىرى، ئىزدىنىشلىرى ئاساسىدا «ئۇيغۇر لەقەملىرى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش» ناملىق بۇ كىتابىنى يورۇقلۇققا چىقارغان.

# ئاپتوردىن

خەلقىمىزدە «لەقەمسىز ئەر بولماس» دېگەن ھېكمەت بار. لەقەم — ئىشلىتىلىش جەھەتتىن ئىسىمدىن كېيىنلا تۇرىدىغان، كىشىلەرنىڭ سالاھىيىتى، تېگى - تەكتىنى ياندىن تەسۋىرلەپ بېرىدىغان ئالاھىدە بەلگىدۇر. ئۇيغۇر لەقەملىرىنىڭ خىلمۇخىل ۋە رەڭگارەڭلىكى، چېتىلىش دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، مەزمۇنىنىڭ موللۇقى تىلىمىزنىڭ خاسلىقىنى، ئالاھىدىلىكىنى ئىنچىكە گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلەيدىغانلىقى بىلەن دىققەتكە سازاۋەر.

مەن ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندىلا، مەھەللىمىزدىكى «پوپور، سارت، ئاۋكى...» دېگەندەك لەقەملەرنىڭ مەنىسىنى بىلىشكە ئۇرۇنغان بولسامۇ، ھەل قىلالمىغانىدىم. كېيىن تۇرمۇش بىلىمىمنىڭ ئۆسۈشى، ئوقۇغان كىتابلىرىمنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، قەدىمكى تارىخىي ئەسەرلەرنى ئوقۇشقا كىرىشىپ كەتتىم. بۇ ئەسەرلەردە بايان قىلىنغان قەدىمكى ئۇرۇق - قەبىلىلەر، مىللەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ مەنىسى، قەبىلىلەرنىڭ بىر - بىرى بىلەن قوشۇلۇشى، مىللەتلەرنىڭ بىر - بىرىگە يۇغۇرۇلۇشى، ئۇلۇغ سەلتەنەتلەرنىڭ تارىختا ئوينىغان رولى قاتارلىقلارنى بىلىش بىلەن بىللە، يۇرتىمىزدىكى بەزى لەقەملەرنىڭ قەدىمكى ئۇرۇق - قەبىلىلەرنىڭ نامى بىلەن ئوپمۇئوخشاشلىقىنى، بەزىلىرىنىڭ تاۋۇش جەھەتتىن سەل - پەل ئۆزگىرىش ياسىغان بولسىمۇ، يەنىلا يىلتىزىنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشقا باشلىدىم. شۇنىڭ بىلەن

يۇرتىمىزدىكى لەقەملەرنى ئاساس قىلغان ھالدا ئۇيغۇر لەقەملىرىنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى يورۇتۇپ بېرىش ئۈچۈن يەڭ تۈردۈم. توپلىغان ماتېرىياللىرىم كەمچىل، ئۆزۈم كۇتۇپخانا ۋە كىتابخانىلاردىن سۆز ئېچىش مۇمكىن بولمىغان چەت - يىراق بىر يېزىدا خىزمەت قىلىۋاتقان بولساممۇ، ئامالىنىڭ بارىچە ماتېرىيال توپلاپ، گېزىت - ژۇرناللاردىن لەقەمگە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىيال بولسىلا يىغىپ، ئۇلارنى بىرلىپ تەتقىق قىلىشتىن، ئىلمىي خۇلاسە چىقىرىشتىن بىر كۈنمۇ يالتىيىپ قالمىدىم. گاھى - گاھىدا مۇشۇ ھەقتە يازغان ماقالىلىرىم گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىپ ماڭا مەدەت بېرىپ تۇردى.

قەدىمكى ئۇرۇق - قەبىلىلەرنىڭ ناملىرى كۆپىنچە ئېلىمىزنىڭ ھەرقايسى دەۋرلىرىدە يېزىلغان تارىخنامىلىرىدە ئېنىق خاتىرىلەنگەن. لېكىن ئۇلارنى قانداق تەرجىمە قىلىش، قانداق ئاتاش مەسىلىسىدە تەتقىقاتچىلىرىمىز ئارىسىدا تاكى ھازىرغىچە مۇجمەللىك بولغاچقا، مېنىڭ لەقەملەرنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى ئېنىقلىشىم ناھايىتى تەسكە توختىدى. چۈنكى، «قەدىمكى خەنزۇ تىلىنىڭ ئەسلىي تەلەپپۇزى بىلەن ھازىرقى تەلەپپۇزى ئوتتۇرىسىدا فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ناھايىتى چوڭ، قەدىمكى كىشىلەر قەدىمكى خەنزۇچە يېزىقنى يېزىشتا ئۇنىڭ ئىنچام بولۇشىغا تولىمۇ ئەھمىيەت بېرەتتى. شۇڭا ئۇلار ئادەم ئىسمى، قەبىلە نامى ۋە مۇناسىۋەتلىك تارىخىي پاكىتلارنى تەرجىمە قىلىشتا (ئۇيغۇر تىلىدىن) ھەمىشە قىسقارتىپ يازاتتى. شۇ سەۋەبتىن خەنزۇچە خاتىرىلەردىكى ئەجەللىك ئاجىزلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. يەنى خاتىرىلەنگەن ئادەم، يەر، قەبىلە ناملىرى تولىمۇ مۇجمەل، ئېنىقسىز بولۇپ، ھەمىشە خاتا چۈشەنچە پەيدا قىلغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېلىمىز ئالىملىرى خاتانى خاتا ھالدا داۋاملاشتۇرۇۋېرىپ بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتنى

تۆيۈق يولغا كىرگۈزۈپ قويغان.» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ئۇيغۇرچە، 1996 ـ يىللىق 4 ـ سان، 62 ـ بەت.) ناملاردىكى گادىرماچلىق، تەتقىقاتتىكى تۆيۈق يولدىن يول تېپىپ مەنزىلگە يېتىش ئۈچۈن مەن 20 نەچچە يىل سەرپ قىلدىم، تەمتىرەپ يۈردۈم.

تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ تارىخىي خاراكتېرلىك كۆچۈشلىرى، قەبىلە ئىتتىپاقىغا ئۇيۇشۇش، پارچىلىنىش، يەنە كۆچۈش، كۆچۈش جەريانىدا چۇشۇپ قېلىش، يۇغۇرۇلۇپ كېتىش، قىسمەن يۇغۇرۇلۇش، جەڭ ـ ئۇرۇشلاردا قۇل ـ ئەسىر بولۇش، قۇل ـ ئەسىر ئېلىش قاتارلىق مۇۋازىنەتلىك ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر ئەينى چاغدا ئېلىمىزنىڭ تارىخنامىلىرىدىمۇ مۇكەممەل خاتىرىلەنمىگەن. خاتىرىلەنگەنلىرىمۇ يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك نۇرغۇن كەمچىلىك، نۇقسانلاردىن، تەلەپپۇز جەھەتتىكى كەمتۈكلۈكلەردىن خالىي ئەمەس. بۇنداق ئەھۋالدا خەلق ئارىسىدىكى ئارخائىزىم بولۇپ كېتىۋاتقان خەلق ئېغىز تىل فولكلورىدىن پاكىت تېپىش زۆرۈر بولۇپ قالدى. تۇرپاندىن ئىبارەت «يەر ئاستى كۆتۈپخانىسى»، «تامسىز مۇزېي»دا يېزىقسىز ئابىدىلەرنى ئىزدىدىم. ئۈنىڭدىن باشقا، غۇلجىغا ئىككى قېتىم، قومۇلغا ئۈچ قېتىم، قەشقەر پەيزىۋاتقا بىر قېتىم، ئالمۇتاغا بىر قېتىم تەكشۈرۈشكە باردىم. ۋاقىت، زامان، ماكان تۆپەيلى ئەسلىي ئېتىنىڭ نامىغا مۇناسىۋەتلىك لەقەملەرنى چوڭقۇر قېزىشقا مۇۋەپپەق بولالمىغان بولساممۇ، ئىگىلىگەن ماتېرىياللىرىممۇ ئاز بولمىدى.

بىزدە لەقەم تەتقىقاتى خېلىلا كېيىن باشلانغاچقىمۇ، بۇ ھەقتە يېزىلغان ماقالىلەر ژۇرناللاردا ئاندا ـ ساندا ئۇچراپ قالاتتى. شۇ يىللاردا ئابدۇرەئۇپ پولات (تەكلىماكانىي)، ئىسمەت

قاسىملارنىڭ لەقەم ھەققىدىكى تەتقىقاتلىرى ئېلان قىلىنىپ، ئۇيغۇر لەقەملىرىنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسى ئايدىڭلاشتۇرۇلۇپ، لەقەم تەتقىقاتىنىڭ يۆنىلىشى كۆرسىتىپ بېرىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا قومۇل، ئىلى قاتارلىق جايلاردا يەرلىك لەقەملەرنىڭ مەلۇم نىسبەتتە توپلانغانلىقى ھەققىدە ئۇچۇرغا ئېرىشىپ، ئۇ ھەقتىكى ماتېرىياللارنىڭ بىر قىسمىنى ئىزدەپ تاپتىم ۋە ئۆگەندىم. سۇ بىخەي، خۇاڭ جيەنخۇالار يازغان «قومۇل، تۇرپان ۋاڭلىرىنىڭ تارىخى» ناملىق ئەسەردە تىلغا ئېلىنغان جەمەت لەقەملىرى ھەققىدە ئەتراپلىق ئىزدەندىم.

مەن لەقەملەرنى ئىزدەپ يۇرتمۇيۇرت كېزىش جەريانىدا ئېتىنىك ناملارغا، تۇتېم ناملىرىغا مۇناسىۋەتلىك لەقەملەرنى توپلاشنى ئاساسىي نىشان قىلدىم. بۇ ئىشنىڭ جاپاسى ئىنتايىن زور ئىدى، شۇنداقتىمۇ تۇتقان ئىشىمدىن نەتىجە يارىتىش يولىدا بۇ ھەقتە ئىزدىنىشتىن بىر كۈنمۇ يالتىيىپ قالمىدىم. غەيرەت كەمەرىمنى تېخىمۇ چىڭىتىپ، ئاساسىي كۈچۈمنى لەقەملەر ئارىسىدىكى قەدىمكى ناملارغا، ھازىر خارابىلىككە ئايلانغان قەدىمگاھلارغا، ئۇلارغا يېقىن ياشاۋاتقان، ئۇزاق مۇددەت بېكىنمە ھالدا تىرىكچىلىك قىلغان خەلق ئارىسىغا قاراتتىم.

بۇ كىتابقا تۇتۇش قىلغاندا نەۋقىران ئىدىم، كۈچ - قۇۋۋىتىم، ئەقىل - پاراسىتىم ئۇرغۇپ تۇراتتى، كىتابنى پۈتكۈزۈش ئۈچۈن يىگىرمە نەچچە يىل تىرىشچانلىق كۆرسەتتىم، بېشىمغا قىرو قونۇپ، بېلىم مۈكچەيدى. شۇنداقتىمۇ يۈرىكىمدىكى ئارمان ئوتى مېنى تا ھازىرغىچە بۇ ھەقتە ئىزدىنىشكە ئۈندەپ كەلدى. مانا ئاخىر كىتابنى پۈتكۈزۈپ، ئۇھ دېدىم.

مەن كىتابىمنى تولۇق تاماملىغاندىن كېيىن ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ باھالىشىغا سۇندۇم، پىكىر ئالدىم، كىتابىمنى

تولۇقلايدىغان، مۇناسىپ كېلىدىغان تەكلىپ، پىكىر بولسىلا قوبۇل قىلىپ، دەل ۋاقتىدا تولۇقلاپ تۇردۇم. كىتابىم ئاخىر ياخشى نىيەتلىك دوست ـ بۇرادەرلەر، ئەھلى ئىلىملەرنىڭ تەكلىپى ۋە ياردەم قىلىشى بىلەن ئۇيغۇر لەقەملىرىنىڭ ئومۇمي گەۋدىسىنى يورۇتۇپ بېرىشكە بېغىشلاندى ۋە شۇ نۇقتىدىن تولۇقلاندى.

بۇ جەرياندا يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى تەتقىقاتى بىلەن مەشغۇل بولۇپ بىرنەچچە ياخشى كىتابنى يورۇقلۇققا چىقارغان تىرىشچان ئىنىمىز ۋەلى كېرىم كۆكئالىپ، مىللىي مەدەنىيەت، تەزكىرىچىلىك تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ نەتىجە يارىتىۋاتقان ياش ئىنىمىز ئەخمەتجان ئىمىن ئەلىنەزەرنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشتىم. مەن كىتابىمنىڭ نەشر قىلىنىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇلارغا چەكسىز مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرىمەن. ئاخىردا مېنى يېقىندىن قوللاپ قۇۋۋەتلىگەن ئۆمۈر يولدىشىمغا، تۇغمەس مەدەتلەرنى بەرگەن قىز ـ ئوغۇللىرىمغا، ئەھلى ئىلىم يار ـ بۇرادەرلىرىمگە رەھمەت ئېيتىمەن.

# مۇندەرىجە


**بىرىنچى باب ئۇيغۇر لەقەملىرى توغرۇلۇق ئاساسىي چۈشەنچە** ......... 1

ئۇيغۇر لەقەملىرىنىڭ تەبىرى ........................ 1

ئۇيغۇر لەقەملىرىنىڭ تۈرلىرى ........................ 5

خۇسۇسىي لەقەملەر ھەققىدە ........................ 5

جەمەت لەقەملىرى ھەققىدە ........................ 7

ھۈنەر ـ كەسىپ ناملىرى ۋە جەمەت لەقەملىرى ........... 15

يۇرت لەقەملىرى ھەققىدە ........................ 17

يۇرت نامىنى لەقەم قىلىش (نەسىبە) ھەققىدە ............ 20

لەقەملەرنىڭ مەنە دائىرىسى ........................ 26

ئۇيغۇر لەقەملىرىنىڭ كېلىپچىقىش سەۋەبلىرى ........... 44

**ئىككىنچى باب لەقەملەرنىڭ تارىخىي ئىزچىللىقى ۋە ئۆزگىرىشى** ... 49

ئۇيغۇرلاردىكى لەقەملەرنىڭ تارىخىي ئىزچىللىقى ........... 49

ئۇيغۇر لەقەملىرىنىڭ ۋارىسچانلىق ۋە ئۆزگىرىشچانلىق ئالاھىدىلىكى ........................ 54

ئۇيغۇر لەقەملىرىنىڭ رايون ۋە يەرلىك خاسلىق ئالاھىدىلىكى ... 57

ئۇيغۇر لەقەملىرىنىڭ مەزمۇن جەھەتتىن رەڭدار، قىزىقارلىق بولۇش ئالاھىدىلىكى ........................ 62

زامانىۋى مەدەنىيەت لەقەملەرنىڭ ئازىيىشىغا سەۋەب بولماقتا ... 63

**ئۈچىنچى باب ئۇيغۇر لەقەملىرىنىڭ ئىجتىمائىي رولى ۋە بەزى ئامىللار بىلەن مۇناسىۋىتى** ........................ 67

لەقەم ۋە ئىسىم ........................ 67

لەقەم ۋە فامىلە ........................ 68

لەقەم ۋە تىل ........................ 71

لەقەم ۋە ئـاغزاكى تاربـخ ................................ 72
لەقەم ۋە چاقچاق ................................ 81
لەقەم ۋە يەر نامـلـــرى ................................ 88
**تۆتىنچى باب ئەجدادلىرىمىزدىن بىزگە يېتىپ كەلگىنى ــ لەقەم** ....... 90
«تامىسىز مۇزىي»دا ساقلانغان يېزىقسىز «ئابىدە»لەر .......... 90
يۇرتىمىزدىكى بەزى لەقەملەرنىڭ جەملىمىسى ............... 96
**بەشىنچى باب بەزى قەدىمكى لەقەملەر توغرىسىدا قىسقىچە تەلقىن** ... 112
توتىمدىن قالغان لەقەملەر ................................ 140
كونا لەقەملەر ئاساسىدا پەيدا بولغان تۇغۇندى لەقەملەر ... 145
**ئالتىنچى باب باشقا مىللەت ناملىرىدا ئاتالغان لەقەملەر ھەققىدە** ... 147
**يەتتىنچى باب بەزى لەقەملەرنىڭ كېلىپچىقىشى توغرىسىدا ھېكايىلەر** ... 163
ئاخىرقى سۆز ................................ 172

# بىرىنچى باب
# ئۇيغۇر لەقەملىرى توغرۇلۇق ئاساسىي چۈشەنچە

## ئۇيغۇر لەقەملىرىنىڭ تەبىرى

بىز قايسىبىر ئۇيغۇر يۇرتىغا بارمايلى، كىشىلەر بىلەن مۇناسىۋەت قىلىش، تونۇشۇش، مۇڭدىشىش، چۈشىنىش جەريانىدا، ئىسمىدىن كېيىنلا يولۇقىدىغىنىمىز رەڭگارەڭ، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىغا، كىشلەرنىڭ خۇي - پەيلى، نام - ئەمىلى، يۈرۈش - تۇرۇشىغا چېتىلىدىغان، ئۇيغۇر تىلىنىڭ پاساھىتىنى نامايان قىلىدىغان، قىزىقارلىق ۋە مول مەزمۇنلۇق لەقەملەردۇر. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۇ لەقەملەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك جەمئىيەت قاتلىمىنى، ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلىرى جەريانىدا شەكىللەندۈرگەن پسىخىكىسى، تىل ئادىتى، مىللىي ئورتاق خاراكتېرىنى قىسمەن ئېچىپ بېرىدىغان مۇھىم ئامىلدۇر.

تېگىدىن ئېيتقاندا، ئۇيغۇر لەقەملىرى ئۇزاق ئەسىرلىك مەدەنىيەت تىندۇرمىسىنىڭ، تىل تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، «لەقەم خۇددى ئىسىم - فامىلىگە ئوخشاشلا، بىر مىللەتنىڭ ئائىلە - نىكاھ تۈزۈمى، دىنىي ئېتىقادى، پسىخىكىسى، تۇرمۇش غايىسى، ئەخلاق قارىشى ۋە تىل ئادىتى قاتارلىقلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ھەمدە ئۇلارنى قىسمەن ئەكس ئەتتۈرىدىغان مەدەنىيەت ھادىسىسى ھېسابلىنىدۇ.»[1]

---

① ئازات سۇلتان قاتارلىقلار: «ئۇيغۇر فامىلە تەتقىقاتى» شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2002 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 142 - بەت.

لەقەملەر ئالدى بىلەن مەلۇم بىر شەخسنىڭ ئىجتىمائىي ئالا-قىسى، شۇغۇللانغان كەسپى، مىجەز - خاراكتېرى، كىشىلەر ئارد-سىدا ئەستە قالغۇدەك بىرەر ئالاھىدە ئىشى ۋە بەدەنلىك ئالاھىدد-لىكىگە ئاساسەن باشقىلار تەرىپىدىن قويۇلىدۇ. ئۇيغۇر لەقەملىرى قەدىمىيلىكى، ھاياتىي كۈچىنىڭ كۈچلۈكلۈكى، ئىجتىمائىي ئالا-قىدە بىرەر شەخس ياكى جەمەتنىڭ سالاھىيىتىنى ئىپادىلاش رولد-نى ئۆينايدىغانلىقى ئۈچۈن، ئالاھىدە بىر خىل تىل ھادىسىسى سۈ-پىتىدە تا ھازىرغىچە ھاياتىي كۈچىنى ساقلاپ كەلمەكتە.

ئۇيغۇرلاردا لەقەملەرنىڭ پەيدا بولۇشى، خەلق ئارىسىدا ئومۇملىشىشى ۋە كۈنىمىزگىچە يېتىپ كېلىشى تارىخ، مەدەنىيەت، تىل تەرەققىياتى، ئۇيغۇرلارنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردىكى روھىي قىياپىتى، ئېڭى - ئېتىقادى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. «ئۇيغۇرلاردا ھازىرغا قەدەر قېلىپلاشقان بىر فامىلە سىستېمىسى بولمىغان ئەھۋالدا، لەقەملەرنى ئەترابلىق تەتقىق قىلىش شۈبھىسىزكى، ئىلمىي ھەم قوللىنىشچانلىقى كۈچلۈك بولغان فامىلە سىستېمىسىنى تۇرغۇزۇشتا مۇھىم رېئال ھەم نەزەرىيەۋى ئەھمىيەتكە ئىگە»[1] بولغاچقا، ئۇيغۇرلاردا مەۋجۇت بولغان لەقەملەرنى توپلاش، ئەترابلىق تەتقىق قىلىش، بولۇپمۇ بۇ ھەقتە مەخسۇس ئەسەرلەرنى روياپقا چىقىرىش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، ئەلۋەتتە.

«لەقەم» دېگەن ئاتالغۇ ئەسلىي ئەرەبچىدىكى «لەقەب» دېگەن سۆزدىن فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ياساپ كەلگەن بولۇپ، بۇ سۆزنىڭ ئەرەب تىلىدىكى مەنىسى «باشقىچە ئاتىلىشى، يەنە بىر نامى» دېگەنلىك بولىدۇ. لەقەم كىشىلەر مۇناسىۋەت قىلىش جەريانىدا بىر - بىرىنىڭ مىجەز - خۇلقى، ئالاھىدىلىكى ياكى جىسمانىي جەھەتتىكى بىرەر بەلگىسىگە ئاساسەن باشقىلار

---

[1] ئارسلان ئابدۇللا: «ئۇيغۇرلارنىڭ جەمەت لەقەملىرى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 2001 - يىللىق 4 - سان.

تەرىپىدىن قويۇلغان ئىككىنچى بىر نامنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق قويۇلغان ناملار تىلغا راۋان، ئاتاشقا ئاسان، سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە، لەقەملەنگۈچىنىڭ بىرەر ئالاھىدىلىكىگە دەل چۈشكەنلىكى ئۈچۈن، ئاسان سىڭگەن ۋە تېز ئارىدىلا تارقىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەن.

ئۇلۇغ ئالىمىمىز مەھمۇد كاشغەرىينىڭ شاھانە ئەسىرى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئاياغ» دېگەن سۆز خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭغا «لەقەم» دەپ ئىزاھات بېرىلگەن. دېمەك، «لەقەم» دېگەن ئاتالغۇ تىلىمىزغا كىرىشتىن ئىلگىرى، ئەجدادلىرىمىز «ئاياغ» دېگەن سۆز ئارقىلىق لەقەمنى ئىپادىلىگەن ۋە جەمئىيەتتە كەڭ ئومۇملاشتۇرغان. لەقەم دېگەن ئاتالغۇ قاراخانىيلار ئۇيغۇر خانلىقى ئىسلام دىنىنى ئومۇميۈزلۈك قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئۇيغۇر تىلىغا سىڭىپ كىرىشكە باشلىغان، چىڭگىزخان ئىستىلاسىدىن كېيىن شەكىللەنگەن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ بارلىق تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئارىسىدا ئورتاق ئەدەبىي تىل بولۇپ قوللىنىلىشى ئارقىسىدا كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلغان ۋە خەلق تىلىدىكى ئاتالغۇغا ئايلانغان.

ئۇيغۇرلاردا لەقەم ئىسمىدىن قالسىلا ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىدۇ ۋە بىر شەخس، بىر ئائىلە ۋە بىرەر جەمەتنىڭ سالاھىيىتى، شۇغۇللانغان كەسپى، مىجەز ـ خۇلقىنى تېخىمۇ ئېنىق، تېخىمۇ قىزىقارلىق، ئىخچام تەسۋىرلەپ بېرىدۇ. ئىسىم كىشى دۇنياغا كېلىپ يەتتە كۈنگىچە قويۇلىدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ مەنىسى شۇ كىشى چوڭ بولغاندىن كېيىن يېتىلدۇرگەن مىجەز ـ خاراكتېرى، شۇغۇللانغان كەسپى، ئالغان تەربىيەسى ۋە ھاياتىي پائالىيەتلىرىگە تازا ماس كېلىپ كەتمەسلىكى مۇمكىن. ئەمما لەقەم باشقىلار تەرىپىدىن قويۇلىدىغان بولغاچقا، شۇ شەخسنىڭ

كەسپى ۋە مجەز ـ خۇلقىنى جايىدا ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدۇ. هازىر خەلق ئارىسىدا مەۋجۇت بولۇۋاتقان لەقەملەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ سەلبىي مەنىسى بولسىمۇ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا تەبىئىي يۇرتلارنى بىرلىك قىلغان هالدا كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلىپ، شۇ شەخسنىڭ سالاهىيىتىنى مەلۇم نۇقتىدىن ئەكس ئەتتۇرۇش رولىنى ئوينىماقتا.

ئومۇمەن، ئۇيغۇر لەقەملىرى تۇرمۇشنىڭ هەرقايسى تەرەپلىرىگە چېتىلىدىغان بولۇپ، مەلۇم نۇقتىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ پىسخىكىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرەلەيدۇ. يەنە ئىخچام، مېغىزلىق، قىزىقارلىق بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ پاساهىتىنى نامايان قىلىپ بېرەلەيدۇ.

ئۇيغۇر لەقەملىرى ئىچىدىكى ئاتا مىراس لەقەملەر يەنە ئۆز نۆۋىتىدە فامىلە رولىنى ئوينىيالايدىغانلىقى ئۈچۈن، سەلبىي مەنىلىك لەقەملەردىن باشقىلارنى فامىلە قىلىش ۋە ئۇنى ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە ئىشلىتىش، تۇراقلىق فامىلە هالىتىگە كەلتۈرۈشتە مۇهىم رول ئوينايدۇ.

قەدىمكى تۈركىي تىللىق قوۋملارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئۆز ئەجدادى (قەبىلە ئاقساقىلى، ئۆز ئۇرۇقىدىن يېتىشىپ چىققان قەهرىمان، باتۇر) نىڭ نامىنى فامىلە قىلغان. بۇ هادىسە خۇددى مەهمۇد كاشغەرىي ئېيتقاندەك «ئۇلارنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ئىسمىلىرىدۇر.» بۇ پاكىتلار خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. فامىلە ئالدىدا، ئىسىم ئارقىدا يېزىلىشى (هەم ئاتىلىشى) دىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ ناهايىتى بۇرۇنلا فامىلە قوللانغانلىقىنى بىلىشكە بولىدۇ. بۇ هالەت رېئال تۇرمۇشتا، ئىقتىسادىي، دىپلوماتىك پائالىيەتلەردە، چوڭ كۆلەملىك ئۇرۇش خاتىرىلىرىدە ئۆز ئىزناسىنى قالدۇرغان.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇر لەقەملىرىنى تەتقىق قىلىش، توپلاش،

رەتلەش ۋە تەتقىق قىلىش، مەخسۇس ئەسەرلەرنى ئېلان قىلىش ناھايىتى زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

## ئۇيغۇر لەقەملىرىنىڭ تۈرلىرى

ئۇيغۇرلاردا لەقەم قويۇشنىڭ مۇقىم بىر قېلىپى يوق ياكى ھېچكىم ئۆزىگە ئۆزى لەقەم قويۇۋالمايدۇ. تۈرلۈك ئەھۋالدا لەقەم باشقىلار تەرىپىدىن قويۇلىدۇ. شۇڭا لەقەملەرنىڭ خاراكتېرى، قوللىنىش دائىرىسى، مەزمۇنى ۋە ئىپادىلىنىشى بويىچە تۈرلەرگە ئايرىشقا بولىدۇ.

ئۇيغۇر لەقەملىرى قوللىنىش دائىرىسى جەھەتتىن خۇسۇسىي لەقەملەر (مەلۇم بىر شەخسكە خاس لەقەملەر)، جەمەت لەقەملىرى (ئاتا مىراس لەقەملەر) ۋە يۇرت ـ مەھەللە لەقەملىرى دېگەن ئۈچ تۈرگە ئايرىلىدۇ.

ئۇيغۇر لەقەملىرى مەنە دائىرىسى جەھەتتىن ناھايىتى كەڭ بولۇپ، ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرى، تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە، تۇرمۇش مەئىشەتلىرىگە، كىشىلەرنىڭ مىجەز ـ خۇلقى، تەق ـ تۇرقى، جانلىقلار، تەبىئەت ھادىسىلىرى، زىرائەتلەر ۋە باشقا تەرەپلىرىگە چېتىلىدۇ. بۇ ھەقتە تۆۋەندە كەڭرەك توختىلىمىز.

## خۇسۇسىي لەقەملەر ھەققىدە

خۇسۇسىي لەقەملەر ـــ ئۇيغۇر لەقەملىرى ئارىسىدا ئەڭ زور سالماقنى ئىگىلەيدىغان بولۇپ، بىر كىشىنىڭ مەرتىۋىسى، مىجەز ـ خاراكتېرى، بەدەنلىك ئالاھىدىلىكى، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئۇسۇلى، ئەدەپ ـ ئەخلاقى، مەدەنىيەت سەۋىيەسى، ئائىلىدە تۇتقان ئورنى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار، ئەل ـ جامائەت بىلەن

بولغان مۇناسىۋىتى، باشتىن كەچۈرگەن كەچۈرمىشلىرى... قاتارلىق كەڭ ساھەگە چېتىلىدۇ. خۇسۇسىي لەقەملەر كىشىنىڭ تۇرلۇك بەلگە ـ خۇسۇسىيەتلىرىنى گەۋدىلەندۇرۇپ بېرىدىغان، مەلۇم بىر شەخسكىلا خاس بولغان، شۇ شەخس ھاياتىنىڭ مەلۇم مەزگىلىدە باشقىلار تەرىپىدىن قويۇلۇپ، شۇ كىشىنى تونۇش، باشقىلاردىن پەرقلەندۇرۇشتە ئىشلىتىدىغان، بەزىدە شۇ شەخس ھاياتىنىڭ مەلۇم مەزگىلىگە بارغاندا چۈشۈپ قالىدىغان ياكى ئۇنىڭ ھاياتىغا بىر ئۆمۈر ھەمراھ بولىدىغان لەقەملەرنى كۆرسىتىدۇ.

ئەگەر لەقەملەنگۈچىنىڭ يۇقىرىدا ئېيتىلغان ساھەلەرنىڭ بىرەر تۇرىدە ئالاھىدە ۋە كۆزگە كۆرۈنەرلىك، ئەستە ساقلىنىدىغان بىرەر ئىشى يۈز بەرسە، باشقىلار تەرىپىدىن لەقەملىنىدۇ. قويۇلغان لەقەمنىڭ مەنىسى شۇ شەخسنىڭ ئالاھىدىلىكىنى دەل جايىدا ئەكس ئەتتۈرگەن ـ ئەتتۈرمىگەنلىكى، تىلغا راۋان كەلگەن ـ كەلمىگەنلىكى، مەنىسى قاتارلىق جەھەتلەردە باشقىلار تەرىپىدىن ئاتىلىش جەريانىدا ياكى رەسمىي لەقەم بولۇپ سىڭىدۇ ياكى بىر مەزگىلدىن كېيىن تاشلىنىپ قالىدۇ. ئالايلۇق: ھامۇت پاچاق (تۇرپان)، يۈسۈپ قۇيرۇق (قۇمۇل)، ئېلاخۇن كۆككۆز (غۇلجا)، ئابدۇۋەلى كاناي (قەشقەر)، ئەزىز بوۋاق ( ئۈرۈمچى)، مەتقاسىم تۇخا (خوتەن)، ئابدۇراخمان چوقۇر (ئاقسۇ)، مىجىت پاكار (چەرچەن)، ساۋۇر سەپرا (كۇچا)، توختاش ساغرو (توقسۇن)، تۇرسۇن بايتال (پىچان).

شەخسنىڭ جىسمانىي ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن قويۇلغان لەقەملەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى خۇسۇسىي لەقەم ھېسابلىنىدۇ. ھايۋانات ۋە ئۇچار ـ قاناتلارنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان لەقەملەرمۇ خۇسۇسىي لەقەملەر ئىچىدە ئەڭ كۆپ.

دېمەك، خۇسۇسىي لەقەم ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدۇ. خۇسۇسىي لەقەملەر بىرلا شەخسكە تەۋە بىرلىك ساندىكى نام بولغانلىقى سەۋەبىدىن كۆپلۈك قوشۇمچىسى «لار، لەر» قوشۇلمايدۇ.

ئەگەر بىز بىرەر شەخسنىڭ خۇسۇسىي لەقىمىنىڭ ئۆزۈن داۋاملاشقانلىقىنى نەزەردە تۇتقىنىمىزدا، ئۇ لەقەمنىڭ دەل جايىدا قويۇلغانلىقىنى، شۇ شەخسنىڭ مىجەز ـ خۇلقى، بەدەن ئالاھىدىلىكى، كىشىلىك مۇناسىۋىتى، كۈندىلىك تۇرمۇشىدىن بىرەر ئالاھىدىلىكىنى دەل جايىدا ئەكس ئەتتۈرگەنلىكىنى پەرەز قىلساق خاتالاشمايمىز.

خۇسۇسىي لەقەملەر ئىچىدىكى مەنسەپ ـ مەرتىۋە، دىنىي دەرىجە ناملىرىدىن كەلگەن لەقەملەرنىڭ ھەممىسىنى فامىلە ئورنىدا ئىشلىتىشكە ۋە ئومۇملاشتۇرۇشقا تامامەن بولىدۇ.

## جەمەت لەقەملىرى ھەققىدە

جەمەت لەقەملىرى ــ خۇسۇسىي لەقەملەر ئىچىدىكى بىرقەدەر ئومۇملاشقان، بىرقەدەر چوڭقۇر سىڭگەن ۋە بىرنەچچە ئەۋلاد داۋاملىشىپ مەلۇم يۇرت كىشىلىرىگە تونۇشلۇق بولۇپ كەتكەن ئاتا مىراس لەقەملەردۇر.

جەمەت لەقەملىرى قانداق سەۋەب بىلەن بارلىققا كەلگەنلىكىدىن ۋە دەسلەپ قايسى كىشىگە سىڭگەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر مەلۇم بىر ئائىلە ياكى بىر جەمەتتىكى بارلىق كىشىلەر ئۈچۈن ئورتاق بولغان، ھەتتا نەچچە ئەۋلادقىچە داۋاملىشىپ مۇقىملىشىپ قالىدىغان، شۇ جەمەتنىڭ ۋەيران بولۇشى ياكى ئۇرۇق ـ ئەۋلادىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى بىلەن يوقايدىغان، ئەگەر ئۇرۇق ـ ئەۋلادى ئۈزۈلۈپ قالمىسا يەنە داۋاملىق ئىشلىتىلىدىغان لەقەملەرنى كۆرسىتىدۇ. بىر قىسىم

تەتقىقاتچىلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن مەلۇم بولغان قومۇلدىكى چوقايلار ياكى چوقاي جەمەتى، قارلۇقلار ياكى قارلۇق جەمەتى، تورپاقلار ياكى تورپاق جەمەتى، تۇرپاندىكى شاپاقلار ياكى شاپاق جەمەتى، بەگلەر ياكى بەگ جەمەتى، بۆرەكلەر ياكى بۆرەك جەمەتى، تىگىرلار ياكى تىگىر جەمەتى، توقسۇندىكى تۇغاچلار ياكى تۇغاچ جەمەتى، لوپنۇردىكى جوداقلار ياكى جوداق جەمەتى، قالۇچىلار ياكى قالۇچى جەمەتى، قارا قوشۇنلۇقلار ياكى قارا قوشۇن جەمەتى، غۇلجىدىكى قازىلار ياكى قازى جەمەتى، قارا قۇرۇم ئۇيغۇرلىرىدىكى غازىلار ياكى غازى جەمەتى، كالدىرلار ياكى كالدىر جەمەتى، كاللەكلەر ياكى كاللەك جەمەتى، قودايلار ياكى قوداي جەمەتى، قالۇنلار ياكى قالۇن جەمەتى، تۇقۇناقلار ياكى تۇقۇناق جەمەتى، توخۇلار ياكى توخۇ جەمەتى، پورلار ياكى پور جەمەتى، كوشاڭلار ياكى كوشاڭ جەمەتى قاتارلىقلار جەمەت لەقەملىرىگە كىرىدۇ.

«جەمەت لەقەملىرى ئۇزاقتىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن ئۇيغۇر فولكلور مەدەنىيىتىدىكى ئالاھىدە ھادىسە بولۇپ، ئەجدادلىرىمىز تېرىم ھاياتىغا كۆچكەندىن كېيىنكى تارىخىي دەۋرلەردە تەدرىجىي شەكىللەنگەن. ئىدىقۇت خانلىقى ۋە قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ھەرقايسى ئۇرۇق ــ قەبىلىلىرى كۆچمەن چارۋىچىلىق ھاياتىدىن مۇقىم ئولتۇراق ھاياتقا ۋە تېرىم ئىگىلىكىگە مەركەزلەشتى ھەمدە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى ھەرقايسى بوستانلىقلاردا تېرىم ھاياتىنى كەچۈرۈپ كەلگەن ئەجدادلىرى بىلەن قوشۇلۇپ بوستانلىق مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئۇيغۇرلاردا ئۇرۇق ــ قەبىلە تۈزۈمى پەيدىنپەي يىمىرىلدى. 14 ــ ئەسىردىن كېيىن ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئۇرۇق ــ قەبىلە ئادەتلىرى ۋە نام ــ ئاتالغۇلىرى تەدرىجىي ئىستېمالدىن قېلىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى

مۇئەييەن يۇرت ياكى جەمەت نامىنى بىرلىك قىلغان ئىجتىمائىي گۇرۇھلار ئىگىلىدى. جەمەت لەقەملىرى مانا مۇشۇنداق شارائىتتا بىر جەمەت كىشىلىرىنىڭ قانداشلىق مۇناسىۋىتى ۋە نەسىل - نەسەبىنى كۆرسىتىش، جەمەتلەرنى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۇرۇش، ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق زەنجىرىنى باغلاش ئېھتىياجى بىلەن ئەنئەنە بولۇپ شەكىللەندى.»[①] دېمەك، جەمەت لەقەملىرى خەلقىمىزدىكى ئۇرۇق - قەبىلىلەرنىڭ يىمىرىلىپ، بوستانلىق يۇرتلارنى بىرلىك قىلغان ياشاش شەكلىگە ئۆتۈش جەريانىدا تەدرىجىي شەكىللەنگەن بولغاچقا، ئەمەلىيەتتە، ئاتا مىراس جەمەت لەقەملىرىنىڭ يىلتىزى ئىنتايىن چوڭقۇر. خەلقىمىزدىكى «...جەمەت لەقەملىرى بىر تەرەپتىن، ئوخشاش ئىسىملىك كىشىلەرنى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۇرۇش رولىنى ئوينىسا، يەنە بىر تەرەپتىن، كىشىلەرنىڭ تېگى - تەكتىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. بىر يۇرت، بىر مەھەللىدىكىلەر شۇ كىشىنىڭ لەقىمىنى ئاڭلاپلا، ئۇنىڭ كىمنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى دەرھال بىلىۋالالايدۇ. مۇشۇ مەنىدىن جەمەت لەقىمى ئائىلە ۋە ئۇرۇقنىڭ نەسەبنامىسى، تىرىك تەزكىرىسى بولالايدۇ. شۇڭا، كېيىنچە ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇرلار فامىلە قوللانماسلىقتىن كېلىپچىققان بوشلۇقنى دەل مانا شۇ جەمەت لەقەملىرى ئارقىلىق تولدۇرغان.»[②]

شۇنداقتىمۇ، بىز بەزى ئاتا مىراس لەقەملىرى نامىنىڭ بەزى قەدىمىي توتېمناملىرىغا ئوخشاپ قالغانلىقى سەۋەبىدىنلا، ئۇنىڭ شۇ توتېمنىڭ نامىدىن كەلگەن، بۇ قەدىمىي توتېم ئېتىقادچىلىقىنىڭ تىلىمىزدىكى ئىزناسى، دېگەن خاتا ھۆكۈمگە

① ئازات سۇلتان قاتارلىقلار: «ئۇيغۇر فامىلە تەتقىقاتى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2002 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 68 - 69 - بەتلەر.
② ئازات سۇلتان قاتارلىقلار: «ئۇيغۇر فامىلە تەتقىقاتى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2002 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 208 - بەت.

بىرلىشىپ كەتسەك بولمايدۇ. چۈنكى، بۇركۈت لەقەملىك بىر كىشىنىڭ لەقىمى ئۇنىڭ چەبدەس، بۈركۈتتەك ئالغۇرلۇقىغا قاراپ قويۇلغان بولۇشى مۇمكىن، ئەمما باشقىلار شۇ كىشىگە لەقەم قويۇشتا ھەرگىز نەچچە مىڭ يىل ئىلگىرىكى توتېم ئېتىقادىنى يادىغا ئېلىپ ئولتۇرمايدۇ. ناھايىتى تەبىئىي ھالدا لەقەم قويۇشقا ئادەتلەنگەن.

بەزى يۇرتلاردا شۇنداق جەمەتلەرمۇ بولغانكى، ئۇلارنىڭ يىلتىزىنى سۈرۈشتۈرگەندە ئالتە ـ يەتتە يۈز يىل، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزۇنغا سوزۇلىدۇ. ئۇلار نەچچە يۈز يىللار مابەينىدە گاھىدا خانلار يېنىدا ئالىي دەرىجىلىك مەنسەپدار بولغان، گاھىدا يۇرت ئىچىدە يۇقىرى مەرتىۋىلىك بولۇپ ئۆتكەن، تارىخنىڭ بوران ـ چاپقۇنلىرىدا ئۇلارنىڭ ئىسمىنىڭ كەينىگە ئۇلىنىپ كەلگەن جەمەت نامى ئۆزگىرىپ باقمىغان. مەسىلەن: كۇچار ۋە يەركەندە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان مىرزىلار جەمەتى، ئەرشىدىن ۋەلىيۇللانى ئۇق قىلغان خوجىلار جەمەتى، ئىشقىيە (ئاق تاغلىق) ۋە ئىسھاقىيە (قارا تاغلىق) خوجىلىرى جەمەتى قاتارلىقلارنىڭ يىلتىزى ۋە ئاممىۋى ئاساسى ناھايىتى چوڭقۇر بولۇپ، ئۇلار تاكى بۈگۈنگىچە ئۆزلىرىنىڭ جەمەت نامى بولغان «خوجا» دېگەن نامنى ئىسمىنىڭ كەينىگە قوشۇپ ئاتاپ كەلمەكتە. ئۇنىڭدىن باشقا، «غۇلجا ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدىكى بەزى جەمەت لەقەملىرى يەتتە ـ سەككىز ئەۋلاد، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزاق ۋاقىت داۋاملىشىپ كەلگەن. مەسىلەن، غۇلجا ناھىيەلىك خەلق دوختۇرخانىسىدىكى مۆھەببەتنىڭ جەمەت لەقىمى ‹قايناق› بولۇپ، ئۇ يەتتە ئەۋلادقىچە يېتىپ كەلگەن. ئوخشاشلا، غۇلجا ناھىيە ئونيار يېزا تۆۋەنكى ئونيار كەنتىدىكى سالام سالامەتنىڭ ‹چۆگۈن› ناملىق لەقىمى، غۇلجا ناھىيەلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئەپرۇزەمنىڭ ‹تارانچى› دېگەن لەقىمى،

غۇلجا ناھىيەلىك بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپىدىكى راملە داۋۇتنىڭ ‹پەنجى› دېگەن لەقىمى، تۇرپانيۇزى يېزىسى يۇقىرىقى روزىمەتيۇزى كەنتىدىكى خاتىمنىڭ ‹قارىقاش› دېگەن لەقىمى، ئۇيغۇر ئۇچئۇن يېزىلىق ھۆكۈمەتتىكى رەيھانگۇلنىڭ ‹غاز› دېگەن لەقىمى ئەنە شۇنداق ناھايىتى ئۇزاق زامانلارغىچە ئەۋلادمۇ ئەۋلاد مىراس بولۇپ كەلگەن لەقەملەر بولۇپ، بۇ لەقەملەرنىڭ ئەڭ دەسلەپ باشلانغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس.»①

بەزى جەمەت لەقەملىرىنىڭ يىلتىزى ناھايىتى چوڭقۇر. بولۇپمۇ قومۇل، تۇرپان، لوپنۇر قاتارلىق يۇرتلاردىكى جەمەتلەرنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت پۇرىقى كۈچلۈك لەقەملىرى ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان. «تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، قومۇلدا كۆپىنچە جەمەتلەرنىڭ ئۆزلىرىگە خاس لەقەملىرى بولۇپ، بۇلارنىڭ بەزىلىرى، بولۇپمۇ قەدىمكى ئۇرۇق - قەبىلىلەرنىڭ ناملىرىدىن كېلىپچىققان لەقەملەر ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. مەسىلەن: خۇلار (غۇز)، قارلۇقلار، چارۇقلار، ئەلكىلەر دېگەندەك لەقەملەر ئەنە شۇنداق لەقەملەردۇر. قومۇلدىكى جەمەت لەقەملىرىنىڭ مەنبەسىدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى قومۇلدا ئىسلام دىنى پۈتۈنلەي ئومۇملىشىپ بولغاندىن كېيىن، خۇسۇسەن قومۇل ۋاڭلىقى ھۆكۈمرانلىق قىلغان ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە بارلىققا كەلگەن. بۇ نۇقتىنى جەمەت لەقەملىرىنىڭ كېلىپچىقىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبلەر ۋە ئۇلارنىڭ تىل ئالاھىدىلىكلىرىمۇ قىسمەن دەلىللەيدۇ.»②

يېقىنقى زامانغا كەلگەندە ئۇيغۇرلاردا ئۇرۇق - قەبىلە

---

① ئازات سۇلتان قاتارلىقلار: «ئۇيغۇر فامىلە تەتقىقاتى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2002 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 208 - بەت.

② ئارسلان ئابدۇللا: «ئۇيغۇرلارنىڭ جەمەت لەقەملىرى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 2001 - يىللىق 4 - سان.

تۇزۇمــــنىڭ ئىـــزنالــرى تـامامەن ئـۆچـكەچـكـە، بـارغانسـىـرى ئومۇملىشىشقا باشلىغان جەمەت لەقەملىرى نەسىل ـ نەسـەب ۋە قانداشلىق پەرقلەرنـى ئايرىيدىغان مۇھـىم بەلگـە بولۇپ قالـدى. «بۇنىڭ بىلەن جەمەت لەقەملـرى شەخسـلەرنىڭ ئـىسـمـلـرىغا مـۇقىم رەۋىشـتـە قوشـۇلـۇپ، يەر خەتـلـرى، ئىـلـىـم ـ ئىـرـىـم ھۆججەتلىرى، توختامنامە، مۆھۈرنامىلەرگە يېزىلىدىغان بولـدى ھـەمدە شـۇ ئـارقىـلىـق بـىرىـنچـىدىـن، نـەسـىل ـ نـەسـەبـى؛ ئىككىنچىدىن، ئوخشاش كىشىلـەردىن پەرقىنى ئايرىـۋالىدىغان بولدى. قـومۇل ۋاڭلىـقى (1697 ـ 1931) دەۋرىدە يېـزىلغان يـەر خەتلــرى ۋە مۆھۈرنامــىلەردە ساتقۇچى بىلەن سېتـىۋالغۇچى ھــەمدە گۇۋاھچىلارنىڭ ھـەممىسـىنىڭ ئـىسـمـلـرى جـەمـەت لەقەمـلـرى بىـلـەن بىللە يېزىلغان ياكـى مۆھۈر بېسىلغـان... مەسىلەن: يۇسۇپ بوشقا، ئابدۇجېلىل مـەتەر، كۆسۇ ئـۆچـبېگـى، تـوختى توغـىچى، شەمـشـىدىـن تـوغـىچى، چـايخالـتا سـۇۋۇر قاتارلىـقلار. يەنە بـىر مۆھۈرنـامىدە، ‹چېـقىر تۆمـۈرنىڭ قـىـزى مەنكـى چېقـىـر ھۆسـىـنبانۇ...› دەپ يـېـزىلـغـان. بـۇنـىڭـدىـن كۆرۈۋېلىـشقا بـولـىدۇكى، جـەمـەت لەقەمـلـىرى شۇ دەۋردىـكى ھۆججەتلەردە رەسمىي فامىلە ئورنىدا ئىشلىتىلگەن.»[①]

جەمەت لەقەملىرىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە كەڭ ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە بولۇشىدىكى سەۋەبلەرنى تۈرلۈك يوللاردىن ئىزدەشكە بولىدۇ. ئومۇملاشتۇرغاندا، مەنسەپ ـ مەرتىۋە، ئۇرۇق ـ قەبىلە، تارىخىي ۋەقە ـ ھادىسىلەر، كۆرسەتكەن تۆھپىلەرگە مۇناسىۋەتلىك جەمەت لەقەملىرى مۇتلەق كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدۇ. چۈنكى، جەمەت لەقەملىرى بىر جەمەت ئەزالىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادىنىڭ شانلىق ئۆتمۈشىدىن پەخىرلىنىش

① ئازات سۇلتان قاتارلىقلار: «ئۇيغۇر فامىلە تەتقىقاتى» شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2002 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 70 ~ 71 ـ بەتلەر.

تۈيغۇسىنىڭ تۈرتكىسىدە ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كۈنىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن. بۇ خىل پىسخىك ھالەت بۈگۈنكى كۈندىمۇ ناھايىتى قويۇق ساقلىنىپ كەلمەكتە. «جەمەت لەقەملىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى مۇھىم ھەم كونكرېت سەۋەبلەرنىڭ يەنە بىرى شۇكى، قومۇل ۋاڭلىقى دەۋرىدە، قومۇل خەلقى ئوردىنىڭ دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق ئىشلىرىنى ئادا قىلىشقا، ھەر خىل باج ـ سېلىقلارنى تۆلەشكە مەجبۇرلىنىش بىلەن بىرگە، قەھەتچىلىك، ئاچارچىلىق بولغان چاغلاردا ئوردىنىڭ خەير ـ ساخاۋىتىدىن بەھرىمەن بولۇپ تۇرغان. مانا مۇشۇنداق ئىشلاردا ۋە باشقا خىزمەتلەردە كىشى ئىسىملىرىدىكى ئوخشاشلىق تۈپەيلىدىن قالايمىقانچىلىق ۋە ئۇقۇشماسلىق كېلىپچىقماسلىقى ئۈچۈن، قومۇل ۋاڭلىقى يۇقىرىلارغا لەقەم ئىنئام قىلغان. بۇ لەقەملەر بارا ـ بارا خۇسۇسىي لەقەمدىن جەمەت لەقىمىگە ئايلانغان.»[1]

خەلقىمىز ئارىسىدا فامىلىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى تېخىمۇ قولايلىقلاشتۇرۇش ئۈچۈن، بىز ھەرقايسى يۇرتلاردىكى جەمەت لەقەملىرىنى چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق قېزىشىمىز، بۇلار ھەققىدىكى تەتقىقاتنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىلمىي يەكۈن چىقىرىپ، خەلقىمىزنىڭ فامىلىلىك مىللەت قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشى ئۈچۈن بىر كىشىلىك ھەسسە قوشۇشىمىز لازىم.

جەمەت لەقەملىرىنىڭ كېلىپچىقىشىغا ئائىت خەلق ئاممىسىغا تونۇشلۇق مەلۇم ھېكايىسى بولغانىنىڭ ئۈستىگە، بۇ لەقەملەر قوللىنىلىش جەريانىدا تارىخنىڭ سىناقلىرىدىن ئۆتكەن، مەلۇم كۆلەم ھاسىل قىلغان جەمەتلەرگە ئورتاق بولغان بولىدۇ. «جەمەت لەقەملىرى بىر جەمەتنىڭ ئورتاق نامى

---

① ئارسلان ئابدۇللا: «ئۇيغۇرلارنىڭ جەمەت لەقەملىرى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 2001 ـ يىللىق 4 ـ سان.

سوپىتىدە ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا مىراس بولۇپ كېلىدىغان، ئەجداد بىلەن ئەۋلادنى بىر ـ بىرىگە تۇتاشتۇرىدىغان بەلگە بولغاچقا، بىز غۇلجىدىكى بىر قىسىم لەقەملەرنىڭ مەنبەسىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق مۇشۇ لەقەم ساھىبىنىڭ تارىخى ھەققىدە بەزى ئۇچۇرلارغا ئىگە بولالايمىز. مەسىلەن: غۇلجا ناھىيە خۇدىيارىيۈزى يېزىسى قاغىلىق كەنتىدە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلەۋاتقان ئەبەيدۇللا ئابدۇللا دېگەن كىشىنىڭ جەمەت لەقىمى ‹قاغا› بولۇپ، ئەسلي ئۇ ‹قاغىلىق› دېگەن سۆزنىڭ قىسقارتىلمىسى ئىكەن. ئۇنىڭ يىراق ئەجدادى بۇنىڭدىن 200 يىللار بۇرۇن قەشقەر قاغىلىقتىن ئىلىغا ‹سۈرگۈن› قىلىنغان يۈسۈپ دېگەن كىشى بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى ‹يۈسۈپ قاغا› دەپ ئاتىغان. شۇنىڭدىن كېيىن، بۇ ‹قاغا› دېگەن لەقەم ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىدىن مەسۇم قاغا، ئۇنىڭ ئوغلى قاسىم قاغا، ئۇنىڭ ئوغلى ساۋۇر قاغا، ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇللا قاغا، ئۇنىڭ ئوغلى ئەبەيدۇللا قاغا شەكلىدە داۋاملىشىپ كەلگەن. چۆلۈقاي يېزىلىق مائارىپ ئىشخانىسىدىكى پەرھات ئابلىزنىڭ جەمەت لەقىمى ‹كەتمەنلىك› بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەجدادى قازاقىستاننىڭ ‹كەتمەن› دېگەن يېرىدىن كۆچۈپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن مۇشۇ لەقەم بىلەن ئاتالغان. بۇ لەقەم ئۇلارنىڭ تېگى ـ تەكتىنى روشەن كۆرسىتىپ بېرىدىغان پاكىت سۈپىتىدە ساقلانغان.»① مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش جەمەت لەقەملىرى تېگىدىن ئېيتقاندا «خەلق ئارىسىدىكى فامىلە» رولىنى ئويناپ كەلگەن. «جەمەت لەقەملىرى قانداق سەۋەب بىلەن بارلىققا كەلگەنلىكىدىن ۋە دەسلەپ قايسى كىشىگە سىڭگەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مەلۇم بىر جەمەتتىكى بارلىق كىشىلەرگە ئورتاق بولغان شۇ جەمەت ئۈچۈن فامىلە رولىنى

① ئازات سۇلتان قاتارلىقلار: «ئۇيغۇر فامىلە تەتقىقاتى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2002 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 209 ـ 210 ـ بەتلەر.

ئوبنايدىغان لەقەملەردۇر.»[1] ئەگەر خەلقىمىز ئارىسىدا ئاتا مىراس جەمەت لەقەملىرى مۇتلەق كۆپ سانلىقنى ئىگىلىگەن بولسىدى، فامىلىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۇنچىۋالا قىيىنغا توختىمىغان بولاتتى.

جەمەت لەقەملىرى ئىچىدە، يۇرت ـ مەھەللە نامى بىلەن، ئادەمنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەر بىلەن ئاتالغان لەقەملەر بىر قەدەر كۆپ. بۇنداق لەقەملەر ھەر يۇرتلاردىن كېلىپ توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئەللى دىيارىسدا كۆپلەپ تېپىلىدۇ. ئىلىدا ھەرقايسى قەدىمي يۇرتلارنىڭ نامى كەنت ـ مەھەللە نامىلىرى سۈپىتىدە ئۇچرىغاندىن باشقا، يەنە كىشىلەرنىڭ جەمەت لەقەملىرىدىمۇ ساقلىنىپ قالغان. مەسىلەن: ئايكۆل يەكەن، پاتمەم ئاتۇش، روزەم قومۇللۇق قاتارلىقلار. بۇ يۇرتلار بىلەن لەقەملەنگۈچىلەرنىڭ ئەجدادى ئەسلىدە ئاشۇ يۇرتلاردىن ئىلىغا كېلىپ يەرلەشكەنلەر ھېسابلىنىدۇ.

جەمەت لەقەملىرى پۈتكۈل بىر نەسەبتىكى جەمەتنى كۆرسىتىش مەقسىتىدە، جەمەت لەقەملىرىنىڭ ئارقىسىغا كۆپلۈك قوشۇمچىسى «لار، لەر» قوشۇلىدۇ، بۇنىڭدىن بۇ لەقەمنىڭ جەمەتنىڭ ئومۇمىي لەقىمى ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.

## ھۈنەر ـ كەسىپناملىرى ۋە جەمەت لەقەملىرى

ھۈنەر ـ كەسىپ ناملىرىنى بەلگە قىلغان جەمەت لەقەملىرى ئاتا مىراس لەقەملەر ئىچىدە سالماقلىق ئورۇن ئىگىلىگەن بولۇپ، قوللىنىلىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ. ھۈنەر ـ كەسىپ ناملىرى بىلەن ئاتالغان لەقەملەر شۇ جەمەتنىڭ ئاتا كەسپىنى

[1] ئارسلان ئابدۇللا: «ئۇيغۇرلارنىڭ جەمەت لەقەملىرى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 2001 ـ يىللىق 4 ـ سان.

ئىنقىلاش، ئەنئەنىۋى ھۈنەرنى بىلىشتە، بولۇپمۇ شۇ لەقەمدە ئاتالغۇچىنىڭ كىلىپچىقىشىنى چۈشىنىشتە ئاچقۇچلۇق رول ئوينايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھۈنەر ـ كەسىپ نامىلىرى بىلەن ئاتالغان لەقەملەرنى ھەرقانداق جايدا، ھەرقانداق سورۇندا ئىسىمغا قوشۇپ ئاتىغىلى، راۋان قوللانغىلى بولىدۇ. بۇنىڭدا لەقەمنى ئاتىغۇچى بىلەن لەقەملەنگۈچىگە ھېچقانداق ئېغىرچىلىق كەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھۈنەر ـ كەسىپ نامىلىرى بىلەن ئاتالغان لەقەملەر ئىنتايىن كەڭ تارقىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان.

«قۇجۇ خانلىقى دەۋرىدە جەمەت لەقەملىرىنىڭ قاملە ئورنىدا ئىشلىتىلگەنلىكىگە دائىر تەپسىلىي ماتېرىياللارغا ئىگە ئەمەسمىز، ئەمما بۇ دەۋردە ئايرىم شەخسلەرنىڭ ئىسىملىرىغا ھۈنەر ـ كەسىپكە دائىر جەمەت لەقەملىرىنىڭ قوشۇلۇپ كېلىپ، شۇ كىشىنىڭ سالاھىيىتىنى بىلدۈرگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مەسىلەن: بەدىزچى (پەردازچى، بېزەكچى)، بورلۇقچى (ئۈزۈمچى)، تويىن (راھىب)، قورۇمچى، ئىنانچى، بىتىگچى، ئەلچى، قوڭقوۋچى، ئەشگەكچى (ئۇلاغ ھەيدىگۈچى، يول باشلىغۇچى)، يارلىغچى، ئىغاچچى، تەمىرچى قاتارلىقلار.»①

چىڭگىزخان ئىستىلاسىدىن كېيىن ئوتتۇرا ـ مەركىزىي ئاسىيادا غايەت زور ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كەلدى. ئىسىم، جەمەت لەقەملىرىدىمۇ ئىلگىرىكى ئەنئەنىلەرگە ۋارىسلىق قىلغان ئاساستا بەزى ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كەلدى. بۇ دەۋردە يېزىلغان «بابۇرنامە»گە نەزەر تاشلايدىغان بولساق، بۇ ھەقتە نۇرغۇن ئەمەلىي پاكىتقا ئىگە بولالايمىز. مەسىلەن: ئەلى قۇشچى، سەيىد ھەسەن ئوغلاقچى، تەڭرىبەردى سامانچى، دوست ئەلى

① ئا . ۋ . گاباﺋىن: «قۇجۇ ئۇيغۇر خانلىقىدىكى ئىجتىمائىي ھايات»، تۇرپان شەھەرلىك تارىخ ـ تەزكىرە ئىشخانىسى 1984 ـ يىلى باستۇرغان خەنزۇچە نۇسخا 48 ـ بەت.

ساغرىچى، خۇدابەردى ئاختىچى، مىرئەلى مىراخور، شاھقۇلى غىجەكچى، قۇل مۇھەممەد ئۇدى، بابا ئەلى ئىشىكئاغا قاتارلىقلار شۇلار جۈملىسىدىندۇر. بۇنداق ھۈنەر ـ كەسىپ ناملىرى بىلەن ئاتالغان لەقەملەر مىرزا ھەيدەر كورەگاننىڭ «تارىخىي رەشىدى»، موللا مۇسا سايرامىنىڭ «تارىخىي ھەمىدى» ناملىق ئەسەرلىرىدىمۇ كۆپلەپ مىسال كەلتۈرۈش مۇمكىن.

ھۈنەر ـ كەسىپ ناملىرىدىن كەلگەن جەمەت لەقەملىرى ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىگە ئائىت ھۈنەرۋەنچىلىك ناملىرىدىن باشقا، سەنئەت ساھەسىدە قوللىنىلىدىغان چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان لەقەملەرمۇ ئاز ئەمەس. بۇ ئەنئەنە بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئىزچىللىقىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە. مەسىلەن: ئوسمان مۇقام، داۋۇت راۋاب، ھۈسەنجان تەمبۇر، روزى تەمبۇر، تۇردى ئاخۇن ساتار قاتارلىقلار.

ھۈنەر ـ كەسىپ ناملىرى بىلەن ئاتالغان جەمەت لەقەملىرىنىڭ كەڭ تارقىلىشى ۋە راۋان قوللىنىلىشىدىكى يەنە بىر سەۋەب شۇكى، بۇ ناملارنىڭ سەلبىي مەنىسى يوق، ئاتالغۇچىغا پەخىرلىنىش، رازىمەنلىك تۇيغۇسى بېغىشلايدۇ. ئەگەر سەلبىي مەنىسى بولسىدى، بۇنچىلىك كەڭ تارقىلىش ۋە قوللىنىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلمىگەن بولاتتى.

## يۇرت لەقەملىرى ھەققىدە

يۇرت لەقەملىرى ــ مەلۇم بىر يۇرتلۇق كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئورتاق بولغان، قانداشلىق مۇناسىۋىتىنى ئاساس قىلماي، يۇرت ـ مەھەللە بىرلىكىنى ئاساس قىلىپ بارلىققا كەلگەن، شۇ يۇرت ـ مەھەللىگە خاس بولغان ياكى شۇ يۇرت مەھەللىدىكى كىشىلەرنىڭ مەلۇم ئالاھىدىلىكىنى قىسمەن ئەكس ئەتتۈرىدىغان لەقەملەرنى كۆرسىتىدۇ.

يۇرت لەقەملىرى خەلقىمىز ئۇرۇق ـ قەبىلىنى بىرلىك قىلغان كۆچمەنچىلىك ھاياتىدىن مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ يېزا ئىگىلىكى ۋە شەھەر ھاياتىنى باشلىغاندىن كېيىن ئاستا ـ ئاستا شەكىللىنىشكە باشلىغان. كىشىلەر ئىلگىرىكىدەك مەلۇم ئۇرۇق ـ قەبىلىنىڭ نامى بويىچە ئەمەس، مەلۇم يۇرت نامى بويىچە ئاتىلىدىغان ۋە شۇ يۇرت چەمبىرىكىدە پائالىيەت قىلىدىغان بولغان. شۇنىڭ بىلەن يۇرت ئۇقۇمى ئۇرۇق ـ قەبىلە ئۇقۇمىدىن ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن.

يۇرت لەقەملىرىنىڭ مەلۇم يۇرت چەكلىمىسى بار، يەنە كېلىپ ھەم كېڭىيىشچانلىقى ھەم تارىيىشچانلىقى ئىگە. بىر ناھىيەنىڭ بىر لەقىمى بولسا، يېزىنىڭ ئايرىم لەقىمى بار، كەنتلەرنىڭ لەقىمىمۇ ئايرىم، ھەتتا مەھەللىلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا لەقىمى بار. «يۇرت لەقەملىرى مەلۇم بىر رايون ياكى يۇرت ـ مەھەللىگە خاس بولغان ياكى شۇ جاي ۋە شۇ جايدىكى كىشىلەرنىڭ مەلۇم ئالاھىدىلىكىنى قىسمەن ئەكس ئەتتۈرىدىغان لەقەملەردىن ئىبارەت.»[①] ھەرقايسى ئۇيغۇر يۇرتلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس تەرىپ ناملىرى بولۇپ، مۇشۇ ناملار بىلەن ئاتاش ھېلىھەم قىسمەن قوللىنىلىدۇ. ئەدىب ۋە تارىخچى موللا مۇسا سايرامى ياقۇپبەگنىڭ تارىخىنى بايان قىلغان «تارىخي ئەمنىيە» ۋە «تارىخي ھەمىدى» ناملىق ئەسەرلىرىدە تۇرپاندىن تارتىپ خوتەنگىچە بولغان يەتتە شەھەرنىڭ سۈپىتىنى مۇنداق بايان قىلغان: ئەزىزانە قەشقەر، پەرىيانە يەركەن، شەھىدانە خوتەن، غازىيانە ئاقسۇ، غېرىبانە تۇرپان. ئۇنىڭدىن باشقا قومۇل سوپىيانە قومۇل دېيىلىدۇ.

بۇلار ھەرقايسى ئۇيغۇر يۇرتلىرىنىڭ سۈپەتلىرى بولۇپ،

---

① ئارسلان ئابدۇللا: «ئۇيغۇرلارنىڭ جەمەت لەقەملىرى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 2001 ـ يىللىق 4 ـ سان.

بۇنىڭدىن باشقا، ھەرقايسى ناھىيە، شەھەرلەردىكى تەبىئىي كەنت ۋە يېزىلارنىڭمۇ ئۆزىگە خاس ئاتىلىشى، يەنى «لەقەملىرى» بار. بۇ «يۇرت لەقەملىرى» ئۆزئارا پۇت تېپىشىش، ھەزىل - چاقچاقلىشىش ئىشلىرىدا ھېلىمۇ كەڭ قوللىنىلىدۇ.

يۇرت لەقەملىرىنى مىسالغا ئالغاندا «بۇرنى يوقلار» تۇرپاننىڭ، «جاھىل» خوتەننىڭ، «كاۋا» ئاقسۇنىڭ، «مۇلۇن گۆشى يېگەنلەر» كورلىنىڭ، «ئېشەك قېتىقى ئىچكەنلەر» باينىڭ، «ئېزىتقۇ» كەلپىننىڭ، «يۇڭ پايپاقلار» قومۇل تاغلىقلىرىنىڭ، «قارا يانچۇقچىلار» قومۇلدىكى تۇزلەڭلىكتە ياشايدىغان خەلقلەرنىڭ، «پاشمانچىلار» توقسۇن ناھىيەسى غولبويى يېزىسىنىڭ، «شۇپۇر ساتتىلار» قومۇل راھەتباغ يېزىسىدىكى قاراتال، تۆۋەنتۇر مەھەللىسىنىڭ، «تۇقچەنلەر» پىچان لەمجىن يېزىسىكى چۇۋانقىرىنىڭ، «دولانلار» تۇرپان، قومۇل ئۇيغۇرلىرىغا نىسبەتەن توقسۇننىڭ جەنۇبىدىكى يۇرتلارنىڭ ئومۇمىي لەقىمى دېگەنگە ئوخشاش لەقەملەرنى كۆرستىشكە بولىدۇ. تارىختا يۇرتىمىزدىكى ئەزىزانە قەشقەر، شەھىدانە خوتەن، غازىيانە ئاقسۇ، غېرىبانە تۇرپان، سوپىيانە قومۇل، پىرىيانە يەكەن، ۋەلىيانە كۇچا دېگەن سۇپەتلەشلەرمۇ ھەم يۇرت لەقەملىرىگە تەۋە.

يۇرت لەقەملىرىمۇ شۇ يۇرتتىكى ھەممە شەخسنى ئورتاق ئىپادىلىگەندە ئۇلارغا كۆپلۈك قوشۇمچىسى «لار، لەر» قوشۇلىدۇ - دە، بۇ لەقەملەر مەلۇم يۇرتتىكى ھەممە شەخسلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ كۆرستەلەيدۇ. باشقا يۇرتلاردا ئاشۇ يۇرت لەقەملىك شەخس ئۇچۇن يۇرت لەقىمى يەنە شەخس لەقىمى سۈپىتىدىمۇ رول ئوينايدۇ. ئەمما ئۇنىڭدا قانداشلىق مۇناسىۋەت ئېتىبارغا ئېلىنمىغاچقا، بۇنداق لەقەملەر مەلۇم شەخسنىڭ مەلۇم يۇرتلۇق ئىكەنلىكىنىلا ئىپادىلەيدۇ.

تەكشۈرۈشىمىزگە ئاساسلانغاندا، يۇرت لەقەملىرىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ سەلبىي مەنىسى بار بولغاچقا، بۇلارنى توغرىدىن ـ توغرا ئاتاش قارشى تەرەپكە قىلىنغان ھاقارەت ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇ سەۋەبلىك بەزى سۈركىلىش، جەڭگى ـ جېدەللەردىن ساقلانماقمۇ تەس. شۇنىڭ ئۈچۈن، يۇرت لەقەملىرىنى مۇۋاپىق ئىشلىتىش، كەلسە ـ كەلمەس قوللانماسلىق، ئورۇنسىز زىددىيەت پەيدا قىلماسلىق لازىم.

## يۇرت نامىنى لەقەم قىلىش (نەسبە) ھەققىدە

ئىلىم ئىگىلىرى، ئىجادىيەتچىلەر، سەنئەتچىلەرنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتىنى تەخەللۇس ياكى لەقەم قىلىشى تارىختا كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇنىڭ تېگىنى سۈرۈشتۈرگەندە، تاكى مەھمۇد كاشغەرىيدىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بۇ ئەنئەنە كۆنىمىزدىمۇ ئىزچىللىقىنى ساقلاپ كەلمەكتە. بۇنىڭ ئىچىدە «كاشغەر» (قەشقەر)نى ئۆزلىرىگە تەخەللۇس قىلغانلار (مەسىلەن: ××× كاشغەرىي دېگەندەك) ئەڭ كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا يەركەننى تەخەللۇس قىلغانلار (مەسىلەن:××× يەركەندىي)، ئۇنىڭدىن قالسا خوتەننى تەخەللۇس قىلغانلار (مەسىلەن:××× خوتەنىي) كۆپ نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا تۇرپان، قومۇلنى ئۆزلىرىگە تەخەللۇس ياكى لەقەم قىلغانلار ئاندا ـ ساندا ئۇچرايدۇ (مەسىلەن: ھەمدۇللا تۇرپانىي، ئابىد قومۇلىي دېگەندەك).

يۇرت نامىنى تەخەللۇس قىلىش ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە خۇراساندا ئەدىبلەر، سەنئەتكارلار، ئەھلى ئىلىمدە يېتىشكەنلەر ئارىسىدا بىر قەدەر ئومۇملاشقان ئادەت بولغان. مەسىلەن: ئەھمەد فەرغانىي، نىزامىي سەمەرقەندىي، ھاپىز شىرازىي، مىرزا خوقەندىي، كامال خوجەندىي... دېگەندەك. يۇرت نامىنى تەخەللۇس

ۋە لەقەم ئورنىدا ئىشلىتىش فامىلە ئىشلىتىش تەكتىلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە كىشىلەرنىڭ قايتا دىققىتىنى قوزغىماقتا ھەم مەھەللە، كەنت، تەبىئىي چولڭ يۇرتلارنىڭ نامى شۇ يۇرتتا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن كىشىلەرنىڭ جەمەت فامىلىسى (تەخەللۇسى ياكى لەقىمى) لىك رولىنى ئويناماقتا. بۇ ھەقتە كۆپلەپ مىسالالارنى كەلتۈرۈش مۇمكىن.

تۆۋەندە ھەرقايسى قەدىمىي يۇرتلارنىڭ تەخەللۇس ياكى لەقەم ئورنىدا ئىشلىتىلىش ئەھۋالىدىن ئوقۇرمەنلىرىمىزنى قىسقىچە خەۋەردار قىلىپ ئۆتىمىز.

**قەشقەر (كاشغەر)**

ئۇيغۇر يۇرتلىرىنىڭ ئارىسىدا قەشقەر (كاشغەر) نى تەخەللۇس قىلغان شائىر، يازغۇچى، سەنئەتكارلار ھەممىدىن كۆپ. يالغۇز كىلاسسىك شائىر - يازغۇچىلارنىڭ سانىلا نەچچە يۈزگە يېتىدۇ. قەشقەر ئىلىم - پەن، ھۈنەر - كەسىپ راۋاج تاپقان قەدىمىي يۇرت بولۇپ، ئۇنىڭ نامى ئەسىرلەردىن بېرى ئەتراپتىكى دۆلەت ۋە رايونلارغا مەشھۇر بولۇپ كەلدى. تارىخچى ئالىمىمىز موللا مۇسا سايرامىنىڭ تەبىرى بويىچە ئېيتقاندا «يەتتە شەھەرنىڭ ئەڭ ئەلاسى ۋە ئەڭ ئاۋۋالقىسى قەشقەر بولۇپ، بۇ ناھايىتى كونا، داڭلىق ۋە مەشھۇر شەھەردۇر. ئادەملىرىنىڭ ئەلپازىغا كەلسەك، ئۇلار ئۇلۇما ۋە ياخشى كىشىلەرگە دوست ۋە ئامراق كېلىدۇ. سەپەر ۋە مۇساپىرلىققا ھەۋەس قىلىدۇ.... بۇ شەھەردىكى ئۆلۇمالارنىڭ ئىلىم تالىپلىرىغا راۋاج بېرىش، فۇزەلا ۋە ساھىب دۆئالارغا روناق بېرىش، تىجارەتچىلەر ۋە دېھقان ئەشرەپلەرنىڭ ئۆشرە - زاكات ۋە خەير - سەدىقە بېرىشى، ئەھلى كەسىپ ۋە ھۈنەرۋەنلەرنىڭ تىرىشچانلىقى جەھەتتە باشقا شەھەر ئادەملىرىگە قارىغاندا ئۈستۈن ۋە زىيادە تۇرىدۇ. خۇسۇسەن ئۆلۇمالار راۋاجى ۋە سودىگەرلەرنىڭ سودا تىجارىتى بابىدا ئۇ شەھەر گويا

«ئىككىنچى بۇخارا» دەپ ئاتالسا، ئەسلا مۇبالىغە بولمايدۇ.»①

قەشقەرنىڭ نامى مەشھۇر بولغاچقا ۋە ئىلىمغا تۇرلۇك مەقسەتلەردە چىققانلار كۆپ بولغاچقا، يەرلىك تارانچىلار ئومۇمەن جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئىلىمغا چىققانلارنى «قاشقالىق» (قەشقەرلىك) دەپ ئاتاش ئادەتكە ئايلانغان. ئومۇمەن، قەشقەرنىڭ نامى كىيىنچە مەنىدىمۇ كۆپ قوللىنىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، «ئەزىزانە قەشقەر» دىن چىققان ئەھلى ئىلىملەر ئۆزلىرىنى «كاشغەرىي» (ھازىر قەشقىرىي) دېگەن تەخەللۇس ياكى لەقەم بىلەن ئاتاشنى ياخشى كۆرگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، قەشقەردىن تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مۇساپىر بولۇپ باشقا يۇرتلاردا ئولتۇراقلىشىپ قالغانلارمۇ «قەشقەرلىك» دېگەن ئومۇمىي نامدا ئاتىلىدۇ. بۇمۇ بارا ـ بارا شۇ كىشىلەر شەكىللەندۈرگەن جەمەتلەرنىڭ ئاتا مىراس لەقەملىرىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. قەشقەر كىشىلىرى دىيارىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقىلىپ ھۈنەر ـ كەسىپ، سودا ـ تىجارەت بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ئۆزلىرى بارغان يۇرتلارنىڭ جانلىنىشى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشۇپ كەلمەكتە.

### يەركەن

يەركەن سۈيى مول، يېرى مۇنبەت ۋە كەڭرى، ئادەم زىچ، ئىلىم ـ مەرىپەت ۋە ھۈنەر ـ كەسىپ جانلانغان قەدىمىي يۇرتتۇر. قەدىمدىن بۇيان يەركەن خان ـ پادىشاھلار تەخت ـ سەلتەنەت قۇرۇپ ئولتۇرغان شەھەر بولغاچقا، بۇ يۇرتتىن ئەھلى ئىلىملەر، ئەدىبلەر، سەنئەتكار، ھۈنەرۋەنلەر كۆپلەپ يېتىشىپ چىققان. ئۇلار ئۆز يۇرتلىرىغا بولغان ئىخلاسىنى ئىپادە قىلىش ئۈچۈن ئۆزلىرىگە «يەركەندىي» دېگەن تەخەللۇسنى قويۇپ ئىجادىيەت

① موللا مۇسا سايرامى: «تارىخىي ھەمىدى»، مىللەتلەر نەشرىياتى 2006 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 589 ~ 590 ـ بەتلەر.

قىلغان. قىدىرخان يەركەندىي، موللا سىددىق يەركەندىي دېگەندەك يۈزلەپ ئەدىب، سەنئەتكارلار بۇ دىياردىن يېتىشىپ چىققان.

موللا مۇسا سايرامى تەرىپلىگەندەك، «يەركەن ئادەملىرىنىڭ خۇلق - مىجەزى بىچارە سۈپەت، ئۆز ئىشلىرىغا پۇختا ۋە پىششىق، ئىشان - ھەزرەت، ئەپەندى ساچىبلارغا بولغان ئەقىدە - ئىخلاسلىرى ۋە ئۇلارغا ياردەم ۋە راۋاج بېرىشلىرى كۆپ... ئۆزلىرى بولسا مۇساپىرەتچىلىككە كەم چىقىدۇ»غان بولغاچقا، باشقا يۇرتلاردا ئولتۇراقلىشىپ قالغان يەركەنلىكلەر ناھايىتى ئاز. تۇرلۇك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئولتۇراقلىشىپ قالغانلار بولسا، ئۆز يۇرتلىرىنىڭ نامى بىلەن «يەركەنلىك» دەپ ئاتىلىدۇ. بارا - بارا بۇ جەمەت لەقىمى بولۇپ قالىدۇ.

خوتەن

خوتەن ناھايىتى قەدىمىي شەھەر بولۇپ، شان - شۆھرەت جەھەتتىن قەشقەر ۋە يەركەندىن كېيىنلا تۇرىدۇ. ئىلىم - ھۈنەر راۋاجلانغان، ئادەملىرىنىڭ ئەقىدە - ئىخلاسى كۈچلۈك، بىر نىشان بويىچە تىرىكچىلىك قىلىدۇ. قەدىمدىن بۇيان خوتەندە ئەھلى ئىلىملەر كۆپ يېتىشىپ چىققان، خۇسۇسەن «خوتەنىي» تەخەللۇسلۇق ئەدىبلەر كۆپلەپ يېتىشىپ چىقىپ، بۇ يۇرتنىڭ نامىنى ئەتراپقا يايغان.

خوتەندە تېبابەتچىلىك راۋاجلانغان، ئەتلەس ۋە گىلەملىرى مەشھۇر بولغاچقا، تېۋىپ، سودىگەرلىرى باشقا يۇرتلارغا بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ ئاسانلا راۋاج تاپالايدۇ. ئۇلار يەرلىك كىشىلەر تەرىپىدىن «خوتەنلىك» ياكى ئىسمىنىڭ كەينىگە «خوتەن» دېگەن يۇرت نامى قوشۇپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: ئىمىناخۇن خوتەن، مەتتۇرسۇن خوتەن... دېگەندەك. فامىلە قوللىنىش تەكىتلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، «خوتەن» ياكى «خوتەنىي»نى جەمەت بەلگىسى قىلغان كىشىلەرنى تېخى ئۇچراتمىغان

بولساقمۇ، مۇشۇنداق ناملارنى ياكى خوتەنگە قاراشلىق ھەرقايسى يۇرتلارنى ئۆزلىرىگە فاملە قىلسا تامامەن بولىدۇ.

كۇچا

كۇچا قەدىمىي يۇرتلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ نامى ئەسىرلەر بويى مەشھۇر بولۇپ كەلمەكتە. بۈگۈنكى كۈندىمۇ كۇچا ھۇنەر ـ سەنئىتى، يەرلىك مەھسۇلاتلىرى بىلەن تونۇلۇپ كەلمەكتە. كۇچاردا ئىلىم ـ پەن راۋاجلانغان، ئەھلى ئىلىملەر كۆپلەپ يېتىشىپ چىققان. موللا مۇسا سايرامىمۇ مانا مۇشۇ كۇچادا ئوقۇپ كامالەتكە يەتكەن. ئۇنىڭدىن باشقا، كۇچادا ئەدىبلەر، سەنئەتكارلار كۆپلەپ يېتىشىپ چىققان بولسىمۇ، ئۇلار ئارىسىدا «كۇچارىي» دېگەندەك تەخەللۇس ئىشلەتكەنلىرى يوقنىڭ ئورنىدا. ئەمما كۇچانىڭ قەدىمىي نامى بولغان «كۇسەن»نى تەخەللۇس ۋە لەقەم قىلغانلار خېلى بار. كۇچادىكى نۇرغۇن يۇرتلارنىڭ نامىنى فاملە ئورنىدا ئىشلىتىش مۇمكىنچىلىكى بار، ئەلۋەتتە.

تۇرپان

تۇرپاننىڭ قەدىمىي مەدەنىيەتلىك يۇرت ئىكەنلىكى ھەممىمىزگە ئايان. ئادەملىرى قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ قېنىغا ۋارىسلىق قىلغان بولۇپ، بىر قوللۇق، بىر سۆزلۈك كېلىدۇ. تۇرپاندا قەدىمىي جايلار كۆپ، خۇسۇسەن يارغول قەدىمىي شەھرى، ئىدىقۇت قەدىمىي شەھرى، لۈكچۈن قەدىمىي شەھرى قاتارلىق قەدىمىي شەھەرلەر نۇرغۇن. ھازىرقى تۇرپان شەھرى بولسا كېيىنكى كۈنلەردە بەرپا قىلىنغان. شۇ سەۋەبتىنمىكىن، تۇرپاندا ياشاپ ئۆتكەن ئەدىبلەرنىڭ بىرەرىمۇ «تۇرپانىي» دېگەن تەخەللۇسنى قوللىنىپ باقمىغان. ئەمما ئابدۇقادىر داموللام ۋاقتىدا قەشقەر خانلىق مەدرىسىگە بېرىپ ئىلىم تەھسىل قىلغان ھەمدۇللا تۇرپانىي دېگەن بىر كىشىنىڭ ئۆتكەنلىكى مەلۇم. تۇرپاندىكى يۇرت ناملىرىنىڭ كۆپىنچىسى

ھەم قەدىمىي ھەم سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە بولغاچقا، ئۇلارنى فامىلە ئورنىدا قوللىنىشقا تامامەن بولىدۇ.

قومۇل

قومۇل قەدىمىي ئۇيغۇر يۇرتلىرىنىڭ بىرى. بۇ يۇرتنىڭ ئىستراتېگىيەلىك ئەھمىيىتىنىڭ مۇھىملىقى تارىختىن بۇيان ھۆكۈمدارلارنىڭ دىققەت مەركىزىدە بولۇپ كەلگەن. سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرى ۋە خوجىلار ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە قومۇلنىڭ شان ـ شۆھرىتى ئۆسۈشكە باشلىغان. قومۇل ۋاڭلىقى دەۋرىدە ئىلىم ـ پەن، سەنئەت راۋاجلانغان ۋە نۇرغۇن ئىلىم ئەھلىلىرى بارلىققا كەلگەن. بۇلارنىڭ بەزىلىرى «قومۇلىي» تەخەللۇسىنى قوللىنىپ ئىجادىيەت بىلەن مەشغۇل بولغان. بۈگۈنكى كۈندىمۇ «قومۇلىي» تەخەللۇسىنى قوللىنىۋاتقانلار، شۇنداقلا باشقا يۇرتلاردا ئولتۇراقلىشىپ ئىسمىنىڭ كەينىگە «قومۇل» دېگەن يۇرت نامى قوشۇپ ئاتىلىۋاتقانلار بار.

ئىلى

ئىلى شىمالىي شىنجاڭدا ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، يەر ۋە سۇيى مول، مەئىشەتتى تولا يۇرت. بۇ يۇرتتا ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنى «تارانچى» دەپ ئاتىشىدۇ. سىرتقا چىققاندا ئۆزلىرىنى «ئىلىلىق» (ھازىر «غۇلجىلىق» دەيدىغانلار كۆپىيىپ قالدى) دەپ ئاتىشىدۇ. ئىلىدا زامانىۋى مەدەنىي ـ مائارىپ بۇرۇن باشلانغان بولغاچقا، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە تەسىر كۆرسەتكەن زور بىر تۈركۈم زىيالىيلار ئىلىدا يېتىشىپ چىققان. ھازىرمۇ ئىلىنىڭ مەدەنىي ـ مائارىپى ئالدىنقى ئورۇندا تۇرماقتا ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلىم ـ پەن، مەدەنىي ـ مائارىپ، داۋالاش، ساقلىقنى ساقلاش، سودا ـ سېتىق قاتارلىق جەھەتلەردە زور تەسىرىنى كۆرسەتمەكتە.

ئىلىلىقلار ئارىسىدا كۆزگە كۆرۈنگەن يازغۇچى شائىرلار سالماقلىق ئورۇن ئىگىلىسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئاغزىدا ئەڭ كۆپ تەكرارلىنىدىغان «تارانچى» ئاتالغۇسىنى تەخەللۇس قىلغانلار يوقنىڭ ئورنىدا. ئازادلىقتىن ئىلگىرى «ئىلىلىق» تەخەللۇسىنى قوللانغان قەلەمكەشلەر ئۆتكەنىكەن. ھازىر بۇنداق تەخەللۇس قوللانغانلارنىمۇ ئۇچراتقىلى بولمايدۇ.

## لەقەملەرنىڭ مەنە دائىرىسى

ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدا لەقەمگە بولغان ئېھتىياجنىڭ زۆرۈرلۈكىدىن، ھەر خىل مەنبەلەردىن، مەزمۇنى رەڭدار لەقەم بايلىقى شەكىللەنگەن. مۇشۇ لەقەم بايلىقىنى مەزمۇن جەھەتتىن تۆۋەندىكىدەك تۈرلەرگە بۆلۈش مۇمكىن.

1. مىللەت ۋە قەبىلە ناملىرىدىن ئېلىپ قويۇلغان لەقەملەر. خەلقىمىز ئارىسىدا، بولۇپمۇ شەرقىي شىنجاڭ رايونىدا ياشايدىغان لوپنۇر، تۇرپان، قومۇل قاتارلىق جايلاردا قەدىمكى قەبىلە، ئۇرۇق ناملىرى بىلەن ئاتىلىدىغان لەقەملەر ھازىرمۇ قويۇق ساقلانماقتا. مەسىلەن: قارلۇق، چورۇق، چۆمەن، ئەلكى، پۇرپور، چابىش، قىپچاق قاتارلىقلار قەدىمكى ئۇرۇق ـ قەبىلە ناملىرى بولۇپ، ئۇزاق تارىخ جەريانىدا ئۇيغۇرلاردا ئۇرۇق ـ قەبىلە تۈزۈمى يوقىغان بولسىمۇ، ئاشۇ ئۇرۇق ـ قەبىلىلەرنىڭ ناملىرى بۈگۈنگىچە ئۇيغۇرلاردا جەمەت لەقەملىرىگە ئايلىنىپ، ئەجدادتىن ـ ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كەلگەن.

2. باشقا مىللەت ناملىرىدىن ئېلىنغان لەقەملەر. مەسىلەن: ھوشۇر خىتاي، مەڭلىك تۇڭگان، ھەبىبۇللا ئەنجان، ئەكبەر نوغاي، قاسىم قازاق، ئەخمەت قىرغىز، رەجەپ ئەرەب، ئىبراھىم قالماق، ئابدۇرېھىم پەرەڭ، رازاق ئورۇس قاتارلىقلارغا ئوخشاش. بۇنىڭ ئىچىدىكى «خىتاي» خەنزۇ مىللىتىنى، «تۇڭگان» خۇيزۇ

مىللىتىنى، «قالماق» موڭغۇل مىللىتىنى، «نوغاي» تاتار مىللىتىنى، «پەرەڭ» فىرانسۇز ياكى ياۋروپالىقلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق لەقەملەر بىلەن ئاتالغان كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى ياكى ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى ئۇيغۇرلار بىلەن باشقا مىللەت كىشىلىرىنىڭ نىكاھلىنىشىدىن تۆرەلگەن، ئەمما ئۇيغۇرلار بىلەن قويۇق ئالاقە قىلىش جەريانىدا ئۇيغۇرلىشىپ كەتكەن كىشىلەردۇر، بەزىلىرى تۇرمۇشتا باشقا مىللەت كىشىلىرى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت ئورناتقان كىشىلەردۇر. مەسىلەن: پىچان ناھىيەسىنىڭ لۇكچۇن بازىرىدا «قازاق» لەقەملىك كىشىلەر بولۇپ، بۇلارنىڭ ئەجدادلىرى تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ قازاقلار بىلەن قويۇق ئالاقىدە بولغانلىقتىن مۇشۇ لەقەم قويۇلغان. ھوشۇر تۇڭگان دېگەن كىشىنىڭ ئاتىسى ئۇيغۇر، ئانىسى خۇيزۇ بولغانلىقتىن، «تۇڭگان» دېگەن لەقەم قويۇلغان. بەزىلىرى خاراكتېر ئالاھىدىلىكى، چىراي ـ شەكلى، كىيىنىشى، ئوزۇقلىنىشى ۋە باشقا ئادەتلىرى لەقەملەنگەن ئاشۇ مىللەتنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان كىشىلەردۇر. مىسالغا ئالساق، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا «خىتاي» لەقەملىكلەر كۆپ ئۇچرايدۇ. مەلۇمكى، خەنزۇ مىللىتى ئىشچان، ئىرادىلىك، بىرەر ئىشنى قىلغاندا ئۇنى باشقا ئېلىپ چىقمىغۇچە زادى توختىمايدىغان خاراكتېرگە ئىگە. شۇڭا ئۇيغۇرلار ئۆز ئىچىدىكى بىر قىسىم مانا مۇشۇنداق خاراكتېردىكى كىشىلەرنى «چىداملىق»، «جاھىل» دېگەن مەنىدە «خىتاي» لەقىمى بىلەن ئاتىغان.

خەلقىمىز ئارىسىدىكى شىۋە، قازاق، خىتاي، تۇڭگان، قالماق، ئەرەب، گېرمان، ئورۇس لەقەملىك كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ تېگى ـ تەكتى ئۇيغۇر بولسىمۇ، باشقا مىللەت ناملىرى بىلەن ئاتىلىپ قالىدىغان ئەھۋاللار بار. بۇنىڭ

ئاساسلىق سەۋەبى، چىراي ـ تۇرقى، تۇرمۇش ئۇسۇلى باشقا مىللەت ئادەتلىرىگە ئوخشاپ قالغانلىق سەۋەبىدىن، مۇشۇنداق لەقەم قويۇلۇپ قالغان. گىرمان، ئورۇس دېگەن لەقەملەر ئاساسەن شۇ كىشىنىڭ سېرىق چاچ، كۆككۆز، قاڭشارلىقلىقىغا ئاساسەن قويۇلغان بولۇپ، كىنو قاتارلىق زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىدىن بۇ لەقەملەر كېلىپچىققان.

3. قەدىمكى ئۇرۇق ـ قەبىلىلەر توتېم قىلغان ھايۋانلارنىڭ ناملىرىدىن قويۇلغان لەقەملەر. بۆرە، تۆگە، ئايغىر، كالا، قوداي، قوچقار، جەرەن، بۇغرا، بۇقا، بۇغا، قوتاز، توخۇ، شۇڭقار، لاچىن، توشقان، ئېيىق قاتارلىق لەقەملەر ئۇيغۇرلاردا كۆپرەك جەمەت لەقىمى قاتارىدا ئۇچرايدۇ.

تەتقىقاتلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ئۇزۇن زامانلاردا ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان ئۇرۇق ـ قوۋملارنىڭ توتېم ئۇرۇقداشلىقى بويىچە بىرمۇنچە ئۇرۇق ـ قەبىلىلەرگە ئايرىلغانلىقى ھەمدە ئۇرۇق ئەزالىرىنىڭ توتېم ناملىرىنى ئۆزلىرىگە ئورتاق نام ئورنىدا قوللانغانلىقى مەلۇم. ئۇزاق تارىخ جەريانىدا ئۇيغۇرلاردا ئۇرۇق ـ قەبىلە تۈزۈمى يوقىغان بولسىمۇ، ئاشۇ ئۇرۇق ـ قەبىلىلەرنىڭ توتېم ناملىرى بۈگۈنكى ئۇيغۇرلاردا نەچچە ئەۋلادتىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن جەمەت لەقەملىرىگە ئايلانغان.

يەنە بىر تەرەپتىن، يۇقىرىدا نامى ئاتالغان ھايۋانلارنىڭ ئۆزلىرىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى بار بولۇپ، بۇلارنىڭ شۇ ئالاھىدىلىكى كىشىلەرنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرى، ئالاھىدىلىكىگە ماس كېلىپ قالغاچقا، ئۇلارنىڭ نامى بىلەن لەقەملەنگەن ئەھۋاللارمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. شۇڭا، بۇ لەقەملەرنىڭ ھەممىسىنى توتېمدىن كەلگەن دەپ مۇتلەق ھۆكۈم چىقىرىۋېتىشكە بولمايدۇ.

4. ھۈنەر ـ كەسىپكە ئائىت لەقەملەر. خەلقىمىز ئارىسىدا

«ئوغۇل بالىغا يەتمىش ئىككى خىل ھۈنەر ئاز»، «ھۈنەر، تېرىساڭ ئۈنەر»، «ھۈنەرلىك كىشى خار بولماس» دېگەندەك ھېكمەتلەر كەڭ تارقالغان. بۇ تۈردىكى لەقەملەرنى كىشىلەرنىڭ ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ھۈنەر - كەسپى ۋە يېڭى پەيدا بولغان ھۈنەر - كەسپلەر بىلەن شۇغۇللىنىشىغا قاراپ قويۇلغان لەقەملەر دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ.

1) كىشىلەرنىڭ ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ھۈنەر - كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا قاراپ قويۇلغان لەقەملەر. ئۇيغۇرلار تارىختىن بۇيان قول ھۈنەرۋەنچىلىككە ماھىر بولغاچقا، يۇرتىمىزدا ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى، تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە نەپىس سەنئەت بۇيۇملىرىنى ياسايدىغان ماھىر ئۇستىلار كۆپلەپ يېتىشكەن. تارىختا ماھىر ئۇيغۇر ئۇستىلار ياسىغان بۇيۇملار ئىچكىرى ئۆلكىلەر، ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا بازارلىرىدا شۆھرەت قازانغان.

زامانىۋى پەن - تېخنىكا تەرەققىي قىلمىغان زامانلاردا، جەمئىيەتتە تۈرلۈك ھۈنەر - كەسپلەر تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ھەتتا يۇرت - يۇرتلار بويىچە كەسپلىشىشكە تەرەققىي قىلغان. يېڭىسار پىچىقى، قەشقەرنىڭ فار فۇر بۇيۇملىرى، تۇماقچىلىقى، دوپپىچىلىقى، خوتەننىڭ ئەتلەسچىلىكى، گىلەمچىلىكى، يەركەننىڭ بۆز توقۇمچىلىقى، كۇچار كۆرپىسىدىن ئىشلەنگەن كىيىم - كېچەكلەر بۇ سۆزىمىزنى دەلىللەيدۇ.

خەلقىمىز ئىچىدە نۇرغۇن ئۇستىلار مەخسۇس قول ھۈنەرۋەنچىلىك كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئەتراپىدىكى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرغان ۋە تۇرمۇشىنى قامدىغان. مانا مۇشۇنداق ھۈنەرۋەنلەر ئىسمىنىڭ كەينىگە ئۇ شۇغۇللىنىۋاتقان ھۈنەر - كەسپىنىڭ ئاتالغۇسىنى قوشۇپ ئاتاش

ئارقىلىق بىر تۈركۈم لەقەملەر مەيدانغا كەلگەن. مەسىلەن: پازىل كىگىزچى، ئوسمان كۆنچى، ئىبراھىم تۆمۈرچى، نىياز ئالتۇنچى، تېيىپ زەرگەر، مەتسىيىت مىسكەر، ئابدۇللا سوپۇنچى، مەتلىك جۇۋا، مۇسا تېۋىپ، قاسىم قاسساپ، ئابدۇقادىر دوغاپ، مەتتۇرسۇن تەلپەك، ئاسىم تاغار، ھوشۇر بۆزچى، مەتتۇردى بوياق، زۇنۇن ماتاڭ، ھېكىم خارەت، يۈسۈپ ناۋاي، مامۇت ساتىراچ، ئىمىن قەغەز، تۆمۈر تۇگمەنچى، ئەيسا موزدۇز، ئاسىم سەگەز، ئۆمەر پالاس، توختى پولۇ، نۇرمۇھەممەت خالۋاپ، سىيىت مىراپ، ھاسىم ئوۋچى، مەخەت تۇماق، ئوسمان بورىچى، بەكرى قوغۇنچى، ئىسلام قاقچى، مەتقۇربان (چەكخو) هارۋىكەش... دېگەنگە ئوخشاش لەقەملەر.

2) يېڭى پەيدا بولغان ھۈنەر ـ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشىغا قاراپ قويۇلغان لەقەملەر. مەسىلەن: ھەسەن سۇپەك، قادىر شوپۇر، ئامىنىخان پوچتىكەش، ئابلىمىت ئادۋوكات، خىلچىخان ئەپەندى، كېرەم دوختۇر، سىدىق كىنوچى، ئابلىمىت فەنىي( تەرجىمان)، نىيازخان گاڭبو (رادىيو دىكتورى) دېگەنگە ئوخشاش لەقەملەر.

ھۈنەر ـ كەسىپكە ئائىت لەقەملەر «ئاتا كەسىپكە ۋارىسلىق قىلىش» ئادىتى بويىچە ئاتىدىن بالىغا قالغان بولسا، بۇ لەقەملەرمۇ داۋاملىشىپ، ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملىشىدۇ ۋە ئاتا مىراس لەقەملەرگە ئايلىنىپ كېتىدۇ.

5. يەر ـ جاي، يۇرت (مەھەللە) ناملىرىدىن قويۇلغان لەقەملەر. يېقىنقى نەچچە يۈز يىلدىن بۇيان شىنجاڭ تەۋەسىدە تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن ئۇيغۇرلار توپلاشقان ھەرقايسى يۇرتلار ئارىسىدا كىشىلەر يۇرت كۆچۈش، يۇرت ئۆزلەشتۇرۇش پائالىيەتلىرى ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلدى. ئۇيغۇرلاردا ئارىسىدا كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقانلار بىلەن ئەسلىي بار كىشىلەرنى

پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن شۇ كىشىنىڭ ئىسمىغا ئۆز يۇرتىنىڭ نامىنى قوشۇپ لەقەم قويۇش بىرقەدەر ئومۇملاشقان. بۇ تۈرگە مەنتۇردى خوتەن، هامۇت قەشقەر، ئىنايەت تۇرپان، ساۋۇت ئاقسۇ، يۇسۇپ قومۇل، هەسەن ئاتۇش، ئەزىز شايار، مەخمۇت يەكەن قاتارلىقلارنى مىسالغا ئېلىشقا بولىدۇ.

بۇ تۈردىكى لەقەملەر ئىچىدە يەنە رۇسىيە، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەر ۋە ئېلىمىزنىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىنىڭ نامى لەقەمگە ئايلانغانلىرىمۇ بار. بۇ لەقەملەر يېقىنقى يۈز يىلدىن بۇيان ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى سودىغا ماهىر كىشىلەرنىڭ تىجارەت كەسپى بىلەن باغلانغان جايلارنىڭ نامى بولۇپ، بۇ لەقەملەر هەرگىز شۇ كىشىنىڭ كىلىپچىققان يۇرتىنى كۆرسەتمەيدۇ. ئالايلۇق، روزى ئوش، ئابدۇراخمان شەمەي، ئۆمەر ئالمۇتا، قادىر گۇاڭجۇ، مەمەت شاڭخەي، تاجىدىن سۆكچى، تاھىر تيەنجىن دېگەندەك لەقەملەر. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ خىل لەقەملەر شۇ كىشىگە ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا خۇسۇسىي لەقەم ياكى جەمەت لەقىمى بولۇپ ئۆزلىشىپ قالغان.

خەلقىمىز ئارىسىدا دولان، قەشقەر، ئاتۇش، تۇرپان دېگەندەك هەرقايسى ئۇيغۇر يۇرتلىرىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان لەقەملەرمۇ ئۇچرايدۇ. بۇ لەقەملەر شۇ كىشىلەرنىڭ شۇ نامى ئاتالغان يۇرتتىن هازىر هايات كەچۈرۈۋاتقان بۇ يۇرتقا كۆچۈپ كەلگەنلىكىنى، سالاهىيىتىنى بىلدۈرىدۇ.

6. ئەمەل ـ مەنسەپكە ئائىت لەقەملەر. ئەمەل ـ مەنسەپ لەقەملىرى ئاساسەن بىرەر شەخسنىڭ هاياتىدا تۇتقان ئەمەل ـ مەنسىپى ئاساسىدا قويۇلغان لەقەملەرنى كۆرسىتىدۇ. قەدىمدە جەمئىيەتنىڭ هەرقايسى قاتلاملىرىدا تۈرلۈك دەرىجىدىكى ئەمەل ـ مەنسەپلەر مەۋجۇت بولۇپ، هازىر بۇ مەنسەپلەر ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى يەنىلا شۇ نام بىلەن

ئاتىلىدىغان ئەھۋاللار خېلى بار.

بۇ تۈردىكى لەقەملەرنى قويۇلۇش سەۋەبىگە قاراپ ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ.

1) كىشىنىڭ بۇرۇنقى ياكى ھازىرقى ئەمەل ـ مەنسەپ نامىغا ئاساسەن قويۇلغان لەقەملەر. تاجىدىن تەيجى، ھېكىمبەگ غوجا، سىدىق تۆرە، تاھىر بەگ ئەپەندى، ئابدۇقادىر جەڭگى، ئىسلام شاڭزۇڭ، قاسىم دورغا، نەزەر بوشقى، ئاقۇپ يۈسۈل (ياساۋۇل)، ئابدۇراخمان ئاسقال (ئاقساقال)، نىياز كاھ، ئېلى شيەنجاڭ (ھاكىم)، يۈسۈپ شۇجى، لېتىپ شاڭجاڭ (يېزا باشلىقى)، ھۆرنىيازخان شوجاڭ (مەكتەپ مۇدىرى) دېگەنگە ئوخشاش.

2) ھەجۋىي قىلىش يولى بىلەن ياسالغان، لەقەم ئىگىسى ئەسلا ئېرىشىپ باقمىغان مەنسەپ ـ مەرتىۋە ناملىرى بىلەن قويۇلغان لەقەملەر. مۆھتەرەم پاشا، يۇنۇس زۇڭتۇڭ، ئىسمايىل جاڭجۈن، ئېلى رەئىس، سېلىمخان سىلىڭ...دېگەنگە ئوخشاش.

ئەمەل ـ مەنسەپ لەقەملىرى يېقىنقى يىللاردىمۇ ئاندا ـ ساندا قويۇلىدۇ. «...جۇرېن»، «...كېجاڭ»، «...شىياۋجاڭ»، «...جۇجاڭ» دېگەندەك. ئەمما بۇلار ئەمەل ـ مەنسەپنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ قىسقا مۇددەتتىلا ئالمىشىپ قالىدۇ. شۇڭا، بۇ لەقەملەرنى ۋاقىتلىق ئەمەل ـ مەنسەپ لەقەملىرى دەپ ئاتاشقىلا بولىدۇ.

ئەمەل ـ مەنسەپ لەقەملىرىگە يەنە تارتۇق قىلىنغان ناملاردىن قويۇلغان لەقەملەرمۇ كىرىدۇ. قەدىمدە خان ـ پادىشاھلار، بەگ ـ تۆرىلەر، ھاكىملارنىڭ قول ئاستىدىكىلەرگە لەقەم تەقدىم قىلاتتى. بۇ ئاساسلىقى ئۇرۇشتا قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن سانغۇن ـ سەركەردىلەرگە ئارسلان، ئالىپ دېگەندەك ئۇيغۇرچە لەقەملەر، شاھمەنسۇر، ئەمىرغالىب، ساھىبقىران دېگەن ئەرەبچە، پارسچە لەقەملەردىن ئىبارەت. خان ـ پادىشاھلار يەنە قول

ئاستىدىكى بەزى مۇلكىي ئەمەلدارلارغىمۇ بەزى لەقەملەرنى تەقدىم قىلىپ، ئۇلارنىڭ دەرىجىسى ۋە مەرتىۋىسىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن. بۇ ئادەت 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ھەرقايسى يۇرت ۋاقىتلىرى، ھاكىمبەگلىرى تەرىپىدىن ئىزچىللاشتۇرۇلغان. بولۇپمۇ قومۇل ۋاقىتلىقى دەۋرىدە ئوردا قورۇقچىبېشىلىرى، مەشقاۋۇللار، باتۇرلار، ئوردا ئەمەلدارلىرىغا ۋاڭ ئۆزى لەقەم تەقدىم قىلغان.

7. دىنىي دەرىجە ـ ئەمەل ناملىرى بىلەن ئاتالغان لەقەملەر. بۇ لەقەملەر دىنىي زاتلارنىڭ مەرتىۋىسى ۋە كەسپىنى ئىپادىلەشتىن شەكىللەنگەن. بۇ لەقەملەرنىڭ بەزىلىرى خۇسۇسىي لەقەم بولسا، يەنە بەزىلىرى نەچچە ئەۋلاد داۋاملىشىپ جەمەت لەقىمىگە ئايلانغان. ئاتىنىڭ كەسپىگە بالا ۋارىسلىق قىلىش ئادىتى ئۇزۇن داۋاملاشقاچقا، بۇ نامالارمۇ شۇ جەمەتنىڭ ئومۇمىي نامىغا ياكى لەقىمىگە ئايلىنىپ كەتكەن. مەسىلەن: غۇجامنىياز ئاخۇنلۇق، ئابدۇقادىر داموللا، ئىمىر ھۆسەيىن قازى ئاخۇنۇم، نەمەت خەلىپەت، نەسرۇللا خاتىپ، بائىز قارى، ئىسمايىل ھاجى، تۆمۈر خەلىپە، ھەسەن قازى، ھەمدۇللا ئىمام، ئابلىتىپ مەخسۇم، رىقىپ سەپتەگۈر، شېرىپجان داموللا، ئېلى شىخ (شەيخ)، ھىزىمەت سوپى، زۆھرەخان قۇشۇنچۇم (قۇشناچىم)، ئەرەمسىماخان موللا، ھامۇت مازىن (مەزىن) دېگەنلەرگە ئوخشاش.

8. كىشىلەرنىڭ جىسمانىي كۆرۈنۈش ۋە ئەيىبىگە قاراپ قويۇلغان لەقەملەر. كىشىلەرنىڭ بەدەن جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى ۋە جىسمانىي ئەيىبى ئىنتايىن روشەن ئىپادىلىنىدىغان، بىر قاراشتىلا سېزىۋالغىلى بولىدىغان خۇسۇسىيەتكە ئىگە. شۇڭا كىشىلەر بىر كىشىنى يەنە بىر كىشىدىن پەرقلەندۈرۈشكە توغرا كەلگەندە، ئۇنىڭ كۆزىگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان جىسمانىي

جەھەتتىكى بىرەر ئالاھىدىلىكىنى توغرا ئىپادىلەش ئارقىلىقلا، بۇ كىشىنى خاسلاشتۇرغان. شۇنداق قىلىپ زور بىر تۇركۇم لەقەملەر بارلىققا كەلگەن. بۇ تۈردىكى لەقەملەرنى يەنە مۇنداق ئۈچ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ:

1) ئادەمنىڭ بەدەن رەڭگىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان لەقەملەر. ھەنىپە مەشكە، قاسىم سېرىق، قادىر ماشكۆز، مۇسا قارىۋاي، مەخمۇت ئاقباش، بارات قارىقاش، توختى قىزىلباش دېگەنگە ئوخشاش لەقەملەر مۇشۇ تۈرگە كىرىدۇ.

2) بەدەن شەكلىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان لەقەملەر. تۇرداخۇن پاكار، مەخان قوشباش، يۇسۇپ تاغار قورساق، ھېسام چورۇق، ياسىن دارازا، ھېزىم ئاۋاق، ئۆمەر ساقال، ئەكبەر سەتەڭ، مەخمۇت بۇدۇر، قۇربان بودەك، نىياز چىرايلىق، ياقۇپ مايماق، ئابلىمىت بادالڭ دېگەنگە ئوخشاش لەقەملەر مۇشۇ تۈرگە كىرىدۇ.

3) ئادەمنىڭ جىسمانىي ئەيىبىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان لەقەملەر. ئىبراھىم قىڭغىر، دىلمۇرات پالكۆز، قۇربان تاز، ئابدۇغوپۇر قارىغۇ، دىلشات دورداي، توختى توكۇر، ئىسھاق يۇمۇق، تىللاخان غىنجى، تۇراپ قىسماق، مەمەت چولاق دېگەنگە ئوخشاش لەقەملەر مۇشۇ تۈرگە كىرىدۇ.

كىشىلەرنىڭ بەدەن ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن قويۇلغان لەقەملەرنىڭ كۆپىنچىسى كەمسىتىش ۋە مەسخىرە تۈسىنى ئالغان بولغاچقا، ئاشكارا سورۇنلاردا دېيىشكە ماس كەلمەيدۇ، دېيىشكە توغرا كەلگەندىمۇ ياپما گەپلەر، كۈلكە – چاقچاق، گەپكە گەپ ئۇدۇل كەلگەندە دېيىلىدۇ. بەزى كىشىلەرنىڭ مۇشۇنداق لەقەملىرىنى ساناقلىق ئادەملەرلا دېيەلەيدۇ، باشقىلار دېيەلمەيدۇ. ئەگەر دەپ قالغان ئەھۋالدا، ئۇرۇش – جېدەل ۋە خەتەرلىك ئاقىۋەتلەر كېلىپچىقىشى مۇمكىن.

9. كىشىلەرنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرىگە ئاساسەن قويۇلغان لەقەملەر. بۇنداق لەقەملەر ئادەملەرنىڭ مىجەزى، خاراكتېر ئالاھىدىلىكى ۋە پسىخىك سۈپىتىگە قاراپ قويۇلغان بولۇپ، ئۇ كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىنى ئۇزاق مۇددەت كۆزەتكەنلىكىنىڭ مەھسۇلى. بۇنداق لەقەملەرنى مۇنداق ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ:

1) مىجەز ـ خاراكتېر جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكىگە ئاساسەن قويۇلغان سەلبىي مەنىدىكى لەقەملەر. ئالىم ئۇرۇشقاق، روشەن غەيۋەتخور، ئامىنە هازازۇل، تۇردى ھىيلىگەر، ئېلى يالغانچى، ئابلىكىم قىزىلكۆز، ئىسلام بوشاڭ، ئابباس دۆت، سېتى بېخىل، تۇرسۇن ھۇرۇن، غۇجىئەخمەت پوچى، ئەسقەر ئالجوقا، جۇمەخۇن قاششاق، گۆھەرخان قۇمتىل، ئەنۋەر لەقۋا، پەرھات يالغان، سۇلايمان سوغۇق، ئىسمايىل چىرماش، روزى قايناق، ھاجىم سۇيۇق، رىشىت سەپرا، پولات تەتۈر دېگەندەك.

2) مىجەز ـ خاراكتېر جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن قويۇلغان ئىجابىي مەنىدىكى لەقەملەر. بۇ تۈردىكى لەقەم ئىگىسىنىڭ ئەقىل ـ پاراسەتلىك، باتۇر، تەجرىبىلىك، ئىشچان، ئاق كۆڭۈل ۋە باشقا جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. مەسىلەن: سادىر پالۋان، غېنى باتۇر، سىيىت نوچى، مەتنىياز زور، مەسئۇت زېرەك، ئەخمەت چاققان، يۇسۇپ ئەۋلىيا، نىياز سالام دېگەندەك.

10. كىشىلەرنىڭ ھەرىكەت ـ قىلىق ۋە تۇرمۇش ئادىتىگە ئاساسەن قويۇلغان لەقەملەر. بۇنداق لەقەملەرنى يەنە مۇنداق ئۈچ تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ:

1) كىشىلەرنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇش، ھەرىكەت ـ قىلىقلىرىدىكى غەلىتىلىككە ئاساسەن قويۇلغان لەقەملەر. ئوسمان شىپىلاق (كۆزىنى تولا چىمچىقلىتىدىغان ئادەم)، رەناخان گىلدىڭ، مۆمىن

خۇما، تۇراق دەلدەڭ، مۇختەر خىڭخىڭ، جاروللا نايناي، ھەسەن غەزەل دېگەنگە ئوخشاش.

2) كىشىلەرنىڭ ئىشلەش، سۆزلەش، كىيىنىش، تازىلىق، ئۆي تۇتۇش، كۆڭۈل ئېچىش، كەيپ قىلىش ۋە باشقا كىشىلىك مۇناسىۋەتلىرىدە يېتىلدۈرگەن ئادەتلىرىگە ئاساسەن قويۇلغان لەقەملەر. مەسىلەن: ئىلياس پاراڭ، ئايۇپ قوپال، ئابدۇرېشىت تۇڭ، بارات چۈنكى، مايىت غىڭ ـ غىڭ، ئەنۋەر لاپچى، رەيھان مودا، سەيدۇل قونچاق، نىياز ئالا كېيىش، شەمشى ئىشتىنى چوڭ، ھاشىم سۆلەت، جەمىلە سۆرەم (ئېزىلەڭگۈ)، ئىسمايىل سىيگەك، ئەركىن سالپاڭ، قۇربان تۆتسەر (ھاراقكەش)، خاسىيەت نېسىي، سەمەت شۆلگەي، تۇردى قاپاق (نەشە چېكىدۇ)، مۇسا يورغا (تېز ماڭىدىغان ئادەم) دېگەنگە ئوخشاش.

3) كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىغا قارىتا قويۇلغان لەقەملەر. سېلىمخان تۇل، مۇتەللىپ بويتاق، غېنى گاداي، مۇختەر باي، ئەبراباي دېگەنگە ئوخشاش.

كىشىلەرنىڭ خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن قويۇلغان لەقەملەر يەنە مۇبالىغە قىلىش، شۇ كىشىنىڭ خۇسۇسىيىتى، قەددى ـ قامىتى، ئىش ـ ھەرىكىتىنى ھايۋان، ئۇچار قۇش، ھاشارات، يەر تۈزۈلۈشى، ئەسۋاب ـ جابدۇق، تۇرمۇش مەئىشەتلىرى، دەل ـ دەرەخلەرگە تەققاسلاش ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن. مەيلى سىز قايسىلا ئۇيغۇر يۇرتىغا بارماڭ، بويى ئېگىز، كالامپايراق، سەل ـ پەل ئېگىشىپ ماڭىدىغانلار «تۆگە» دېگەن لەقەم بىلەن ئاتىلىدۇ. چىرقىراپ گەپ قىلىدىغان، پۇت ـ قولى چاققان، چېقىمچىلىق خۇيى بار ئايال (قىز)لارغا «ئۆچكە» لەقىمى بېرىلىدۇ. سېمىزلارنى «پور كۆتەك»، بەك ئورۇقلارنى «قىلتىرىق» ياكى «يىڭناغۇچ»، مىجەزى ئىتتىك، سەپرا، دېگىنىنى قىلماي قويمايدىغانلار كۆپىنچە «بۆرە» لەقىمىنى ئالىدۇ. غىڭشىپ گەپ

قىلىدىغانلار «پاشا»، چىپىلغاق، پۇرسەتپەرەس، ئۆيمۇئۆي، سورۇنمۇ سورۇن قاتراپ يۈرىدىغانلار «چىۋىن» لەقىمىنى ئالىدۇ. شەيتان، مەس ـ مەس، قاشاڭ، شامال، قۇيۇن دېگەندەك لەقەملەر لەقەملەنگۈچىنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرىگە دەل كەلگەن بولغاچقا، ئەستە ساقلاش، ئاتاشقا ئاسان، تۈرلۈك سورۇنلاردا كۈلكە ـ چاقچاقىا ياخشى خۇرۇچ بولالايدۇ.

11. ھايۋانات، ئۇچار قۇش، قۇرت ـ قوڭغۇزلارنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان لەقەملەر. بۇ خىلدىكى لەقەملەر كۆپ، قوللىنىش دائىرىسى كەڭ بولۇپ، تۆۋەندىكىدەك تۈرگە ئايرىش مۇمكىن:

1) ھايۋانلارنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان لەقەملەر. توشقان، بۇغرا، كالا، تورپاق، بۇقا، قوچقار، چاشقان، تېكە، ئۆچكە قاتارلىقلار. ھايۋانلارنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان لەقەملەردە شۇ ھايۋاننىڭ ئومۇمىي خۇسۇسىيىتى لەقەملەنگۈچىنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرىگە تەققاسلاش، سىمۋوللاشتۇرۇش ئاساسىدا قويۇلىدۇ. مەسىلەن: «تورپاق» دېگەن لەقەمنى ئاڭلىغىنىمىزدا، شۇ كىشىنىڭ كۆچتۆكگۈر، يەنە ئېغىر ـ بېسىقلىقىنى؛ «قوچقار» لەقىمىنى ئاڭلىغىنىمىزدا، شۇ لەقەملىك كىشىنىڭ ئۆسكەك، جېدەلخور، دېگىنىنى قىلماي قويمايدىغانلىقىنى؛ «چاشقان» دېگەن لەقەمنى ئاڭلىغىنىمىزدا، لەقەملەنگۈچىنىڭ ئوغرىلىق خۇيى بارلىقىنى؛ «ئۆچكە» دېگەن لەقەمنى ئاڭلىغىنىمىزدا، لەقەملەنگۈچىنىڭ جىم تۇرالمايدىغان، گەپ توشۇيدىغان، سۇخەنچى كىشى ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز.

بۇنىڭ ئىچىدە ياۋايى ھايۋانلارنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان لەقەملەر: ھازىم بۆرە، تۇردى يولۋاس، ياسىن ئېيىق، روزى يىلپىز، ھېكىم تۈلكە، ھادى مايمۇن، ھېلىمخان بېلىق، مايسەم پىنگۋىن، ۋەكىل چاشقان، كامىل پاقا، تېيىپ قاۋان دېگەنگە ئوخشاشلارنى كۆرسىتىش مۇمكىن.

ئۆي هايۋانلىرىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان لەقەملەر: مەسئۇت قوزا، ئۆمەر موزاي، قادىر كالا، ئەخمەتنىياز تۆگە، كازىم بايتال، كېرەم ئايغىر، مۇتەللىپ خېچىر، ئەمەت كۈچۈك، يەھيا تېكە، تۇمنىياز توخۇ، مەلىكە مېكىيان، سېتى دەمدەر، مەريەم مۇشۇك، تۆمۈر ئارسلان، غاپپار تايلاق، سىراجىدىن خېچىر، ئەيىندىن ئوغلاق دېگەنلەرگە ئوخشاش.

2) تۇرمۇشىمىزدا يەنە نۇرغۇن لەقەملەر ئۇچار قۇشلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مەسىلەن: مەمەت پاختەك، ياسىن قۇشقاچ، ھىمىت بۆدۈنە، ئايگۈل قاغا، رەجەپ تورغاي، زەرىپە سېغىزخان، ھوشۇر كاككۇك دېگەنلەرگە ئوخشاش.

ئۇچار قۇشلار نامى بىلەن ئاتالغان لەقەملەرمۇ روشەن سىمۋوللۇق خۇسۇسىيەتكە ئىگە. «قۇشقاچ» لەقەملىكلەر ئاساسەن تولا گەپ قىلىدىغان، كوت ـ كوت كېلىدۇ؛ «لاچىن» لەقەملىكلەر ئاساسەن ئالغۇر، كەسكىن، مەردۇ ـ مەردانە كېلىدۇ؛ «قاغا» لەقەملىكلەرنىڭ ئاۋازى بوم ھەم يېقىمسىز كېلىدۇ؛ «ھۆپۈپ» لەقەملىكلەرنىڭ ئاداۋىتى كۈچلۈك دەپ قارىلىدۇ... ئومۇمەن، ھەرقانداق ھايۋاننىڭ ئومۇمىي خۇسۇسىيىتى لەقەملەنگۈچىنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرىگە تەققاسلىنىدۇ.

3) ھاشارات، قۇرت ـ قوڭغۇزلارنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان لەقەملەر. مەسىلەن: تۇراخۇن كېپىنەك، غېنى چىۋىن، مامۇت سازاڭ، ھۆرمەت ياپىلاق، قاھار كانا، قەمەرخان پاشا، ئايشەمخان چېكەتكە، جېلىل پىت، ھاۋاخان قۇرت، تاشتۆمۈر ھەرە دېگەنلەرگە ئوخشاش لەقەملەر.

12. تەبىئەتتىكى بىر قىسىم شەيئى ۋە ھادىسىلەرنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان لەقەملەر. بۇ تۈردىكى لەقەملەرنى يەنە مەزمۇنغا قاراپ مۇنداق ئۈچ تۈرگە ئايرىش مۇمكىن:

1) تۇپراقنىڭ ھەر خىل شەكلى ۋە تۇپراق ئۈستىدىكى بەزى نەرسىلەرنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان لەقەملەر. مەسىلەن: رەجەپ تاش، ئابدۇرېھىم داڭگال، ئوسمان لاقا، ئابباس يېلىم، پاتەم پاتقاق، سېتىۋالدى يارداڭ، جۇمەخۇن چوققا دېگەنگە ئوخشاش.

2) ھەر خىل مېتال ناملىرى بىلەن ئاتالغان لەقەملەر. مەسىلەن: ئىمىنتوختى چويۈن، نۇرئەلى ئالتۇن، ھۆسنەر تىللا، مەمتىلى تۆمۈر، ھاكىم مىس، ئېلاخۇن گاڭ (پولات) دېگەندەك لەقەملەر.

3) ھەر خىل ھاۋا رايى ھادىسىلىرى بىلەن ئاتالغان لەقەملەر. مەسىلەن: ئابلىكىم كەلكۈن، جەمىلە بوران، پولات شىۋىرغان، دىلنۇر يامغۇر، ئىمىنىياز قارياغدى، قۇربان مۆلدۈر، ئەمەت چاقماق، ئىلھام قۇيۇن دېگەنلەرگە ئوخشاش.

13. زىرائەت، ئۆسۈملۈك ۋە كۆكتات ناملىرى بىلەن ئاتالغان لەقەملەر: مەسىلەن: قۇربان پاختا، ئامىر قوناق، سابىت باشاق، ئابلەت قاپاق، ئىمانىخان كاۋا، نەجىم چامغۇر، ئايۇپ سامساق، پەتتار كەندىر دېگەنلەرگە ئوخشاش.

14. ھەرخىل تۇرمۇش بۇيۇملىرى بىلەن ئاتالغان لەقەملەر. بۇ خىل لەقەملەرنىڭ دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، تۆۋەندىكىدەك تۈرلەرگە ئايرىش مۇمكىن:

1) ئائىلە سايمانلىرى نامى بىلەن ئاتالغان لەقەملەر. تۇراپ تەڭنە، شاھنىياز چۆگۈن، ئابدۇرېھىم قاسقان، ئابدۇغېنى پالتا، مۆمىن چۆمۈچ، يۈسۈپ تاۋاق دېگەندەكلەرگە ئوخشاش.

2) ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان لەقەملەر. ماموت جۇۋاز، تاھىر سوپەك، ئەھەت بازغان، نۇرۇم كەكە، ئايتۇرا كەتمەن، مەڭنىياز توقماق، نۇراخۇن كالتەك دېگەندەك.

3) قاتناش قوراللىرىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان لەقەملەر.

مەسىلەن: ھۆسىيىن كوڭكا (ماشنا)، ئەنۋەر پويىز، سادىق مەپە، سېلىم ھارۋا، تۇرەخمەت پىكاپ دېگەندەك لەقەملەرگە ئوخشاش.

4) كىيىم - كېچەك ناملىرى بىلەن ئاتالغان لەقەملەر. تۇرغان پەلتو، ئابلىمىت چورۇق، يارى كاستوم، سەئىدىن شىلەپە دېگەندەك لەقەملەرگە ئوخشاش.

15. يېمەكلىك ناملىرى بىلەن ئاتالغان لەقەملەر. ئۇيغۇرلار ئېسىل يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتىگە ئىگە خەلق بولۇپ، ئۇيغۇر لەقەملىرىگىمۇ يېمەكلىك ناملىرى قوشۇلغان. بۇنداق لەقەملەر لەقەم ئىگىسىنىڭ شۇ خىل يېمەكلىكنى تەييارلاشقا ماھىرلىقى ياكى ئامراقلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇ لەقەملەرنىمۇ تۆۋەندىكىدەك تۈرگە ئايرىش مۇمكىن:

1) تائام ناملىرى بىلەن ئاتالغان لەقەملەر. مەسىلەن: ئىسمائىل لەغمەن، جالالىدىن سوزمەن، ئىبراھىم ئوماچ، شازادىخان سامسا، باھايىدىن قوتۇرماچ، ئەرشى ياشمان (تاماقنىڭ بىر تۈرى)، ئىكرام پولو، جامال كاكچا، ئۇبۇل كۆمەچ دېگەندەك لەقەملەرگە ئوخشاش.

2) يېمەك - ئىچمەك نامى بىلەن ئاتالغان لەقەملەر. ئەخمەت يوغان نان، نىياز پوشكال، ھەبىبە ئۆزگۈل (ئۆزگۈل راڭپىزىسى)، ئالىم توخۇم، سەئىدەخمەت گۆش، نىياز ئۆپكە، مەتتۇرسۇن ماتاڭ، ئاتىكەم ئاشلەڭپۇڭ، باتۇر قېتىق، ئابدۇسالام مەنتاڭ، توختاشگۈل قايناق سۇ دېگەندەك لەقەملەرگە ئوخشاش.

3) مېۋە - چېۋىلەرنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان لەقەملەر. يۇرتىمىزدا تۈرلۈك - تۈمەن شېرىن - شەربەت مېۋىلەر يېتىشتۈرۈلىدۇ. قەدىمدىن بۇيان باغۋەنچىلىك تەرەققىي قىلغان بولغاچقا، خۇسۇسىي لەقەملەر ئارىسىدا مېۋە - چېۋىلەرنىڭ ناملىرى بىلەن ئاتالغان لەقەملەرمۇ ئاز ئەمەس. مەسىلەن: ئابدۇخېلىل بادام، ئازادەم تاۋۇز، ئەزىمەت قوغۇن، قاھىر

نەشپۇت، بۆشىخان بىجاقى (ئۈزۈمنىڭ بىر تۈرى)، باقىۋاي ئۆرۈك، ئابدۇغوپۇر شاپتۇل، ئۆمەر لىگا (قوغۇننىڭ بىر تۈرى)، تۆمۈرنىياز چىلان دېگەندەك لەقەملەرگە ئوخشاش.

مېۋە - چىۋە ناملىرى بىلەن ئاتالغان لەقەملەرنىڭ كۆپىنچىسى روشەن سىمۋوللۇق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ، شۇ كىشىنىڭ مىجەز - خاراكتېرىنى ياندىن تەسۋىرلەش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن: بىر كىشىنىڭ لەقىمى «شاپتۇل» بولسا، باشقىلار ئۇنىڭ لەقىمىنى بىر ئاڭلاپلا شۇ كىشىنىڭ تېجىمەل، بۇدۇشقاق ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلالايدۇ. چۈنكى، بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقىنى تۇكلۇك شاپتۇل بولۇپ، شاپتۇل تۈكىنىڭ تېگىپ كەتسە ئادەمنى بىئارام قىلىدىغان خۇسۇسىيەتلىرى كۆزدە تۇتۇلغان. ئەگەر بىر كىشىنىڭ لەقىمى «تاۋۇز» بولسا، باشقىلار ئۇنىڭ مەيدانى يوقلۇقىنى، دەم ئۇياققا، دەم بۇ ياققا ئاغىدىغانلىقىنى، ئىككى يۈزلىمىچىلىكىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلەيدۇ. «قاق» دېگەن لەقەم كۆپىنچە يۈرتلاردا ئىچى قۇتۇر، پىخسىق، ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتىشنىڭلا كويىدا يۈرىدىغان كىشىلەرگە قويۇلىدۇ.

16. ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ناملار بىلەن ئاتالغان لەقەملەر. ئۇيغۇرلارنىڭ ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتى بىر قەدەر راۋاجلانغان، شۇڭا يۇرتىمىز «ناخشا - ئۇسسۇل ماكانى» دەپ تەرىپلىنىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ مەيلى ئادەتتىكى ئائىلىۋى سورۇنلىرىدا بولسۇن، مېھماندارچىلىق، مەرىكە سورۇنلىرىدا بولسۇن ناخشا - ئۇسسۇل كەم بولمايدۇ. شۇڭا ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ناملار بىلەن ئاتالغان لەقەملەرمۇ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا خېلى كەڭ تارقالغان. بۇ خىلدىكى لەقەملەرنى مۇنداق ئىككى تۈرگە ئايرىش مۇمكىن:

1) ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان

لەقەملەر. ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ سىستېمىلىشىشى ۋە ئاممىۋىلىشىشى، ھەرقايسى يەرلىك مۇقاملار بىلەن بىرىكىپ ھەرقايسى يۇرتلاردا ياڭرىشى نەتىجىسىدە سازەندە، ناخشىچىلار قوشۇنى بارلىققا كەلگەن. ئۇلارنىڭ شۇغۇللانغان كەسپى ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، خەلق ئاممىسى ئۇلارنى شۇ نام بىلەن لەقەملەندۇرگەن. ناخشىچىلار خەلق تىلىدا «ھاپىزلار» (ھېپىزلار) دەپ ئاتالغان بولسا، ئۇسسۇلچىلار «رەققاس» ئاتالغان، سازەندىلەر قايسى سازغا ماھىر بولسا، شۇ سازنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. مەسىلەن: روزى تەمبۇر، ھەمەر راۋاپ، كېۋىر سۇناي، مەتيۇسۇپ قالۇن، مەمەت راۋاپ، نىياز پاقچور، ئىبراھىم داپ دېگەنلەرگە ئوخشاش. ئۇنىڭدىن باشقا، سازەندە ـ ناخشىچىلارنىڭ يەنە ئۆزلىرىنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەنمۇ نۇرغۇن قىزىقارلىق لەقەملەر قويۇلغان.

2) ئۇيغۇر ناخشا ـ ئۇسسۇل، داستان نامى بىلەن ئاتالغان لەقەملەر. مەسىلەن: ئاۋۇت ئالمىخان (ئالمىخان ناخشىسى)، نىياز گۈلىيار (گۈلىيار ناخشىسى)، ئەمەت پەريادى (پەريادەي ناخشا)، جانارخان مارجان بىلەك (ئۇسسۇل)، قاسىم نازىركوم، ئايىمجان نىمپەدە (ئۇسسۇل)، جىنايىت سەنەۋەر ( سەنۇبەر داستانى) دېگەنلەرگە ئوخشاش.

3) مۇقام، ئەلنەغمە، مەشرەپ نامى بىلەن ئاتالغان لەقەملەر. مەسىلەن: تۇرداخۇن ئەلنەغمە، ئوسمان مۇقام، ھاجى ئەلنەغمە، ھېيىت ئەلنەغمە، توختى مەشرەپ دېگەنلەرگە ئوخشاش.

17. تۇرمۇشلۇق بولغاندىن كېيىنكى ئەھۋالغا قاراپ قويۇلغان بەزى لەقەملەر. بەزى ئاياللارنىڭ ئەرلىرىدەك جانلىق، زېرەكلىكىگە قاراپ، ئۇلارنىڭ ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا ئېرىنىڭ ئىسمىنى لەقەم قىلىپ قويۇشتىن ھاسىل بولغان لەقەملەرمۇ بار؛ بەزى ياۋاشراق ئەرلەرنىڭ ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا ئايالىنىڭ ئىسمىنى لەقەم ئورنىدا قويۇشتىن ھاسىل بولغان لەقەملەرمۇ

خېلى بار. بۇنداق لەقەملەر قەشقەر رايونىدا كۆپرەك قوللىنىلىدۇ.

18. تارىخىي ۋەقەلىكلەرگە ئاساسەن قويۇلغان لەقەملەر. خەلقىمىز ئارىسىدا كەڭ تارقالغان لەقەملەر ئارىسىدا تارىخىي ۋەقەلىكلەرگە باغلىنىدىغان لەقەملەر ئاز ئەمەس. بۇنداق لەقەملەر بىرەر ئالاھىدە تارىخىي شارائىتتا لەقەملەنگۈچىنىڭ بىرەر ئالاھىدە ھەرىكىتى، كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى، غەلىبىسى، مەغلۇبىيىتى، خاتىرىلەشكە ئەرزىيدىغان تەرەپلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. مەسىلەن: قومۇلدىكى قايناق سۇلار جەمەتى، پوتىلار جەمەتى، تۇرپاندىكى چىلانلار جەمەتى، قۇرۇلچىلار جەمەتى لەقەملىرىنىڭ كېلىپچىقىشىدا كىشىنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرىدىغان تارىخىي ۋەقەلىكلەر يوشۇرۇنغان.

19. باشقا تىللاردىن كىرگەن لەقەملەر. بۇ لەقەملەر ئاساسلىقى خەنزۇ ۋە باشقا قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ تىلىدىن ئېلىپ قويۇلغان لەقەملەر بولۇپ، تىل ئىستېمالىدا كەڭ ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەردىن تۈزۈلگەن. گوتۇ (سۆڭەك)، داتۇ (يوغان باش)، مۇجاڭ (ياغاچچى)، سەيپۇڭ (تىككۈچى) دېگەندەك.

20. كونا لەقەم (فامىلە) لەر ئاساسىدا پەيدا بولغان تۇغۇندى لەقەملەر. تارىخ تەرەققىياتىدا كونا شەيئىلەرنىڭ ئورنىنى يېڭى شەيئىلەر ئىگىلەيدۇ. لەقەملەرمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. بىر قىسىم تارىخىي ئېتنىك نامالارنىڭ مەنىسى، مەنبەسىنى بىلمەيلا چاقچاق ـ ھەزىل قىلىش ئاساسىدا تۇغۇندى لەقەملەر بارلىققا كەلگەن. ھەزىل نامالارنىڭ ھەممىسىلا ئۆزلىشىپ كەتمىگەن ياكى لەقەملەنگۈچىگە سىڭىشمىگەن بولسىمۇ، مەلۇم دەرىجىدىكى خاسلىقنى پەيدا قىلغان. ئالايلۇق، ياغاچ (يىغاچ) لەقەملىك كىشىلەرنىڭ كىچىك بالىلىرىنى چىۋىق، تاياق، بالاغەتكە يەتكەنلىرىنى بادرا، ئۆي ئايرىغاندا ياغاچ دەپ ئاتايدۇ. تۆگە لەقەملىك كىشىلەرنىڭ بالىلىرىنى «تايلاق»، سىبىرىق

لەقەملىك كىشىلەرنىڭ بالىلىرىنى «مەشكە»، توخۇ لەقەملىك جەمەتنىڭ بالاغەتكە يەتمىگەن بالىلىرىنى «چۈجە» دەپ ئاتىغان، بۇ لەقەملەرنىڭ بەزىلىرى سىڭگەن. بۇلار كېيىنچە ئايرىم جەمەت توپى بولۇپ شەكىللەنگەن. يەنە ئۆردەك لەقەملىك كىشىلەرنىڭ بالىلىرىنى «ۋەق - ۋەق»، كەسپىي ناملاردىن تۇگمەنچىلەرنىڭ بالىلىرىنى پوستەك (پوستەكچى)، كۈچۈك (ئىت) لەقىمىنى يەنە خاۋازا، پىستە... دېگەندەك.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان لەقەملەر ئاۋۋال مەلۇم شەخسكە باشقىلار تەرىپىدىن قويۇلۇپ، سىڭىپ تارالغان ۋە مەلۇم كۆلەمگە ئىگە بولغان لەقەملەرنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر خۇسۇسىي لەقەملەر نەچچە ئەۋلاد داۋاملاشسا ۋە ئەۋلادلىرىمۇ بۇ لەقەملەر بىلەن ئاتالسا، بۇ ئاتا مىراس لەقەملەرگە ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. ئەگەر مەنىسى بەك سەت ۋە سەلبىي بولمىسىلا، بۇ لەقەملەرنى فامىلە ئورنىدا ئىشلىتىشكە تامامەن بولىدۇ.

## ئۇيغۇر لەقەملىرىنىڭ كېلىپچىقىش سەۋەبلىرى

ئۇيغۇر لەقەملىرى قانداق تارىخىي شارائىتتا كېلىپچىققان ۋە دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلەلىگەن؟ بۇ مەسىلىگە كەسكىن بىر نېمە دېيىش قىيىن. شۇنداقتىمۇ ئىزدىنىپ كۆرسەك، مۇئەييەن جاۋابقا ئېرىشەلەيمىز.

بىزگە مەلۇمكى، لەقەم ئىسىمغا ياندىشىپ كېلىپ بىر كىشىنىڭ سالاھىيىتىنى تېخىمۇ ئېنىقلاش رولىنى ئوينايدۇ. بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدۇكى، بىر يۇرت ئىچىدە ئىسىم كىشىلەرنىڭ سالاھىيىتىنى تولۇق ئېنىقلاپ بېرەلمىگەن ئەھۋالدا، كىشىلەر ئۇنى لەقەملەش ئارقىلىق سالاھىيىتىنى ئېنىقلىققا ئىگە قىلغان. يەنى يۇرتلاردا ئوخشاش ئىسىملىكلەر كۆپىيىپ كەتسە، ئۇلارنى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۇرۇش ئۈچۈن

چوقۇم ئېگىزىنى ئۇزۇن، سېمىزىنى سېمىز ياكى بودەك، ئورۇقىنى قوتۇر، بويى پاكارنى پاكىنەك دېگەندەك ئاددىي تەسۋىر بىلەن پەرقلەندۈرۈلىدۇ. تېخى رەڭگى، كۆز شەكلى، باشقا ئەزالىرىدىكى ئالاھىدىلىكلەرمۇ لەقەم قىلىپ ئاتاشقا خۇرۇچ بولىدۇ. دېمەك، لەقەملەرنىڭ پەيدا بولۇشىغا بىرىنچى مەنبە بولغان ئامىل دەل ئاھالىنىڭ كۆپىيىشى ۋە ئوخشاش ئىسىملىكلەرنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىدۇر. «بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر ئىسىم - فامىلىلىرىدە ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەر بولۇپ، ئۇيغۇرچە ئىسىملارنىڭ ئورنىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئەرەبچە ئىسىملار ئىگىلىگەن. بۇ ئەرەبچە ئىسىملار ئىچىدە ئاللانىڭ سۈپەتلىرى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ناملىرى بىلەن ئاتالغان ئىسىملار ناھايىتى نۇرغۇن بولغاچقا، ئىسىم - فامىلىلەردىكى تەكرارلىق ھەيران قالارلىق دەرىجىدە كۆپەيگەن. بۇ نۇقتىنى خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن ‹تۇرپاندا ئەخمەت، شاياردا ئەزىز، خوتەندە مەت (مۇھەممەد)، قومۇلدا نىياز كۆپ› دېگەندەك گەپ - سۆزلەر ۋە ئىسىم - فامىلىلەر توغرىسىدىكى بەزى سانلىق مەلۇماتلار قىسمەن دەلىللەيدۇ.»①

لەقەملەرنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى يەنە بىر سەۋەب، خەلقىمىز ئارىسىدا جەمەت بەلگىسى بولغان فامىلىنىڭ دېگەندەك ئومۇملىشىپ كېتەلمەسلىكى، فامىلە تۇسىنى ئالغان ئاتا مىراس لەقەملەرنىڭ بەك ئومۇملىشىپ كېتەلمەسلىكىدۇر. «بىزدە فامىلە قوللىنىشنىڭ ئومۇمىي ئادەتكە ئايلانماسلىقى كىشىلەرنىڭ ئوخشاش ئىسىملىكلەرنى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرۈشتە لەقەمگە تايىنىشىنى بەلگىلىگەن. شۇڭا، بىزدە

① ئارسلان ئابدۇللا: «ئۇيغۇرلارنىڭ جەمەت لەقەملىرى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 2001 - يىللىق 4 - سانى.

لەقەم قويۇش شۇنچىلىك دەرىجىدە ئومۇملاشقانىكى، خۇسۇسەن ئەرلەر ئارىسىدا لەقەمسىزلەر ئىنتايىن ئاز. بىزدە لەقەمنىڭ ئىستېمال دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ، ئاممىۋى ئاساسى ئىنتايىن چوڭقۇر. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، كەڭ دائىرىدە ئېتىراپ قىلىنىشقا ئېرىشكەن ئاشۇ لەقەملەرنى ‹خەلق ئىچىدىكى فامىلە› دېيىشكە بولىدۇ.»[1]

لەقەمنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى يەنە بىر سەۋەب شۇكى، خەلقىمىزنىڭ خۇشچاقچاق، تىلغا ماھىر، بىر ـ بىرى بىلەن مۇڭدىشىشقا ھېرىسمەن، روھىي جەھەتتىن ئەركىن ـ ئازادە بولۇشى بىلەنمۇ بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. كۆلكە جان ئوزۇقى، ئۆتمۇشتىكى زېرىكىشلىك تۇرمۇش، خۇشاللىق ئىزدەش، كۆڭۈل خۇشلۇقى ئۈچۈن پائالىيەت ئۇيۇشتۇرۇش، تۈرلۈك مۇراسىملارنى ئۇيۇشتۇرۇشنى تەقەززا قىلىدۇ. خەلقىمىز ئارىسىدا ئىككى ـ ئۈچ ئادەم بىر يەرگە يىغىلىپ قالسىلا، تەبىئىي ھالدا بىر ـ بىرىگە چاقچاق بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ، خۇشال ـ خۇراملىق ۋە كۆلكە ـ چاقچاق بىلەن كەيپىياتنى بىردىنلا يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرىدۇ. بۇنداق چاغلاردا بىر ـ بىرىنىڭ لەقىمىنى يوشۇرۇن يوللار بىلەن تىلغا ئېلىپ چاقچاقلىشىدۇ. جامائەت سورۇنلىرىدا بۇنداق چاقچاقلار تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقىدۇ. مۇشۇ سەۋەبتىنمۇ نۇرغۇن كىشىلەر بىلىپ ـ بىلمەي لەقەملىك بولۇپ قالىدۇ. كۆنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بەزىلىرىنىڭ لەقىمى بەك سىڭىپ، ئەل ـ جامائەتكە ئاشكارا بولۇپ كېتىدۇ، بەزىلىرىنىڭ لەقىمى سىڭمەي ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ. چۈنكى، «خەلق تۇرمۇشىدىكى نۇرغۇن ئىشلار لەقەمنىڭ ۋاسىتىسى ئارقىلىق خاتىرىلىنىدۇ. مەيلى لەقەملەنگۈچىنى ماختاپ مەدھىيەلەش مەنىسىدىكى لەقەم بولسۇن

---

① ئابدۇغېنى ئوسمان: «ئۇيغۇرلاردىكى لەقەم قويۇش ئادىتى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە»، «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىنىڭ 2013 ـ يىللىق 1 ـ سانى.

ۋە مەيلى ئۇنى سۇندۇرۇش، چۇشۇرۇش مەنىسىدىكى لەقەم بولسۇن، لەقەمنىڭ كىشىلەرنى بىر ـ بىرىدىن پەرقلەندۇرۇش رولىدىن باشقا يەنە ئاممىۋى سورۇن ـ ئالاقىلەردە يۇمۇر ـ چاقچاقچا خۇرۇچ بولۇپ، سورۇن ـ ئالاقىنى جانلاندۇرۇش، قىزىتىش رولىنى ئوينايدۇ. خەلق ئارىسىدىكى مەلۇم لەقەملەرگە ئائىت قىزىقارلىق ئىشلار كىشىلەرنىڭ ئادەتتىكى ئۇچرىشىشلاردا ياكى سورۇنلاردا، ئائىلىلەردە سۆزلىنىدىغان پاراڭ تېمىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، ئۇنىڭ تەربىيەلەش رولىمۇ بار. لېكىن بەزى لەقەملەرنىڭ لەقەم ئوبيېكتىنى سۇندۇرۇش، چۇشۇرۇش خاھىشى ئېغىرراق بولغاچقا، بۇنداق لەقەملەر ئاممىۋى سورۇنلاردا ئىشلىتىلمەيدۇ.»①

بۇ ھەقتە مۇنداق بىر چاقچاق بولۇپ ئۆتكەن: بىر چاقچاق سورۇنىدا ھېسام قۇربان (لەقىمى دەلدۇش)، ئىبراھىم دىۋانە، روزى توخۇ قاتارلىقلار قاتارلىشىپ ئولتۇرۇپتۇ. داستىخانغا نان كەلتۇرۇلۇپ، قاچىلارغا چاي قۇيۇلغاندىن كېيىن، ھېسام قۇربان بىر پارچە ناننى ئېلىپ ئىبراھىم دىۋانىنىڭ ئالدىغا تاشلاپتۇ، ئىبراھىم دىۋانە ناننى ئۇشتاق تىتىپ روزى توخۇنىڭ ئالدىغا چېچىپ بېرىپتۇ، روزى توخۇ نان ئۇۋاقلىرىنى بىر قاچىغا سېلىپ، ئۈستىگە چاي قۇيۇپ، قوچۇپ ئۇماچ قىلىپ ھېسام قۇربانىڭ ئالدىغا قويۇپ قويۇپتۇ. بۇ ئۇنىسىز چاقچاقلىشىشتىن سورۇندىن قىيقاس ـ چۇقان كۆتۈرۈلۈپتۇ. دېمەك، ئۇلار بۇ سورۇندا بىر ـ بىرىنىڭ لەقىمىنى ئىما قىلىپ، چاقچاقنى ئەۋجىگە كۆتۈرۈش مەقسىتىگە يەتكەن.

ئازادلىقتىن كېيىنكى كوللېكتىپ ئىشلەپچىقىرىش ئەمگەكلىرىمۇ كىشىلەرنىڭ لەقەملىك بولۇشىغا ئوبدان شارائىت

① ئابدۇغېنى ئوسمان: «ئۇيغۇرلاردىكى لەقەم قويۇش ئادىتى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە»، «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىنىڭ 2013 ـ يىللىق 1 ـ سانى.

ھازىرلىغان. كىشىلەر ئەمگەك قىلىش جەريانىدا، ئارام ئالغاندا، تۈرلۈك ئويۇنلارنى ئوينىغاندا، بىر ـ بىرىنىڭ بىرەر ئالاھىدە قىلىقى، گەپ ـ سۆزى، ئىش ـ ھەرىكىتىگە قاراپ لەقەم قويۇشقان، بۇ لەقەملەر شۇ ھامان كەڭ تارقىلىپ، تېزلا ئومۇملىشىپ كەتكەن. كىشىلەر مۇشۇ ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىنىڭ جاپاسىنى يېنىكلىتىپ، ئازراق بولسىمۇ كۆڭۈل خۇشلۇقىغا ئېرىشەلىگەن.

تەكشۈرۈشىمىزگە ئاساسلانغاندا، لەقەملەرنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىدا، ئەنئەنىۋىلىكنى بىرقەدەر كۆپ ساقلاپ قالغان چەت يېزا ـ قىشلاقلاردا تېخىمۇ كەڭ تارقالغانلىقى مەلۇم بولدى. بۇ رايونلاردىكى لەقەملەر غەلىتە، رەڭگارەڭ ھەم مەزمۇنى چوڭقۇر. نېمىشقا مۇشۇنداق بولىدۇ؟ چۈنكى، بۇ رايونلاردا ئادەم شالاڭراق، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى، چارۋا بېقىش، قورساق توقلاش ۋە ئۇخلاپ ئارام ئېلىشتىن باشقا ئىش بولمايدۇ، ئەگەر پۇرسەت بولۇپ قالسا بىرەر ئۆيگە يىغىلىپ پاراڭلىشىپ كېلىدۇ. مۇشۇنداق چاغدا بىرسىنىڭ ئاغزىدىن بىرەر ئېغىز يېڭى گەپ چىقىپ قالسىلا، بۇ ئۇلارغا لەقەم بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭدىكى سەۋەب ناھايىتى ئېنىق، كىشىلەر ھەرقانداق قىيىن شارائىتتىمۇ كۆڭۈل خۇشلۇقى ئىزدەيدۇ. لەقەم بىر ـ بىرى بىلەن خۇشال ـ خۇرام چاقچاقلىشىشقا ئوبدان خۇرۇچ بولالايدۇ.

لەقەملەر كىشىلەرنىڭ ئىسمىغا قوشۇلۇپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ سالاھىيىتىنى ئېنىقلاپ بېرىدۇ، تۇرمۇش ئۇسۇلى، مىجەز ـ خاراكتېرى، ئىش ـ ھەرىكىتى، جاھاندارچىلىقى ۋە باشقا ئىشلىرىنى ياندىن تەسۋىرلەپ بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، لەقەملەر قەدىمدىن ھازىرغىچە ئۆزىنىڭ رولىنى جايىدا ئاتقۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ.

# ئىككىنچى باب
# لەقەملەرنىڭ تارىخىي ئىزچىللىقى ۋە ئۆزگىرىشى

## ئۇيغۇرلاردىكى لەقەملەرنىڭ تارىخىي ئىزچىللىقى

قەدىمكى تۈركىي تىللىق قوۋملارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۆز ئەجدادلىرى (قەبىلە ئاقساقاللىرى، ئۆز ئۇرۇقىدىن يېتىشىپ چىققان قەھرىمان، باتۇرلار) نىڭ نامىنى فامىلە قىلغان. بۇ ئەھۋال خۇددى مەھمۇد كاشغەرىي ئېيتقاندەك، «ئۇلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ئىسمىلىرىدۇر.» بۇ پاكىتلار خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. شۇ چاغلاردىلا فامىلىنىڭ ئالدىدا، ئىسمىنىڭ كەينىدە يېزىلىشى (ھەم ئاتىلىشى)دىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ ناھايىتى بۇرۇنلا فامىلە قوللانغانلىقىنى بىلىشكە بولىدۇ. بۇ ئىجتىمائىي ھالەت رېئال تۇرمۇشتا، ئىقتىسادىي، دىپلوماتىك پائالىيەتلەردە، چوڭ كۆلەملىك ئۇرۇش خاتىرىلىرىدە ئۆز ئىزناسىنى قالدۇرغان.

ئۇيغۇر لەقەملىرى تارىخىي ئىزچىللىققا ئىگە بولۇپ، خۇددى ئۇزۇلمەس ئېقىندەك ئەنئەنە بولۇپ شەكىللەنگەن. «ئۇيغۇرلار ئۇرۇق - قەبىلە شەكلىدە تۇرۇۋاتقان قەدىمكى دەۋردىن باشلاپلا لەقەم، نەسەبنامە ۋە قەبىلە نامىلىرىنى ئۆزلىرىگە بەلگە قىلىپ ئىشلىتىپ كەلگەن. ئۇرۇق - قەبىلە شەكلىدە تۇرمۇش كەچۈرگەن دەۋردە ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇق - جەمەتىنىڭ نامىلىرى ئارقىلىق ئۆزلىرىنى باشقىلاردىن پەرقلەندۈرگەن. ئۇرۇق - قەبىلە باسقۇچىدىن تەرەققىي قىلىپ قەبىلىلەر ئىتتىپاقى بولۇپ

شەكىللەنگەن دەۋرگە كەلگەندە قەبىلىنىڭ نامى ياكى قەبىلە ئاقساقىلىنىڭ ئىسمى ئارقىلىق ئۆز تەۋەلىكىنى ئايرىغان.»[1] تارىختا مەۋجۇت بولغان ۋە كۆچەيگەن ھەرقايسى تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرنىڭ نامى ھازىرمۇ نۇرغۇن يۇرتلاردا جەمەت لەقىمى سۈپىتىدە ساقلانماقتا. دولان، قارلۇق، چۇمۇل، چەبىش (چىبۇش)، يەمەك، قازار، چارۇق قاتارلىقلار تارىختا ئىز قالدۇرغان ۋە نۆۋەتتە كەلگەندە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان، مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قالدۇرغان قەبىلىلەرنىڭ ناملىرىدىن ئىبارەت. بىز قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان، تۇرپاندىن تېپىلغان «ئوغۇزنامە»دە، ھەرقايسى ئاساسلىق تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرنىڭ كېلىپچىقىشىنىڭ لەقەم قويۇش شەكلىدە قويۇلغانلىقىغا ئائىت قىزىقارلىق ھەم ئىخچام مۇنداق بايانلار بار: ئوغۇزخان ئۆزىنىڭ غەلىبە قىلىشىغا ياردەمدە بولغان ۋە ئەتراپىغا ئۇيۇشقانلارغا «ئۇيغۇر» نامىنى بېرىدۇ؛ قارلىق تاغقا قېچىپ كەتكەن ئارغىمىقىنى تېپىپ كەلگەن باتۇر يىگىتكە «قارلۇق» نامىنى بېرىدۇ؛ دەرەخ كاۋىكىدا تۇغۇلغان بالىغا قىپچاق (ئەسلى تەلەپپۇزى «چىپچاق»، دەرەخ كاۋىكى مەنىسىدە) دەپ ئاتايدۇ؛ ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز ئاچ قالسىمۇ ئوغۇزخان لەشكەرلىرىگە ئەگىشىپ كەلگەن ئىرادىلىك بىر يىگىتكە «قالاچ» (ئاچ قالغۇچى) دېگەن نام بېرىدۇ؛ ئۇرۇش ئولجىلىرىنى ھارۋا ياساپ ئۆتكۈزگەن كىشىگە «قانغا/قاڭقا» دەپ نام بېرىدۇ. كېيىن بۇ ناملار شۇ كىشىلەرنىڭ جەددى ـ جەمەتى تەشكىل قىلغان قەبىلىنىڭ ئومۇمىي نامىغا ئايلىنىدۇ. دېمەك، لەقەم قەدىمدىن تارتىپ ناھايىتى ئاددىي ئۇسۇل بىلەن بىر ـ بىرىدىن ئالاھىدە ئىش ـ ھەرىكەتكە قاراپ قويۇلغان، بۇ ئادەت تاكى بۈگۈنكى

① ئابدۇغېنى ئوسمان: «ئۇيغۇرلاردىكى لەقەم قويۇش ئادىتى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە»، «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىنىڭ 2013 ـ يىللىق 1 ـ سانى.

كۆنگچە ئىزچىللىقنى ساقلاپ كەلمەكتە. بەزى كىشىلەر مەلۇم بىر يۇرت نامى ياكى بىرەر لەقەمنىڭ كېلىپچىقىشىنى بەك چوڭقۇر ۋە مۇرەككەپ ئويلىشۋالىدۇ ـ دە، كىشىلەر ئويلىسىمۇ تېگىگە يېتەلمەيدىغان تەبىرلەرنى بېرىپ باشقىلارنى قايمۇقتۇرىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بىرەر كىشىگە لەقەم قويۇش ئۈچۈن كىشىلەر كۆپ ئويلىنىپ كەتمەيدۇ، كاللىسىغا نېمە كەلسە، تەبىئىي لەقەم قىلىپ قويىدۇ، ئۇ قويۇلغان چاغدىن باشلاپ كەڭ ئىستېمال قىلىنىدۇ ـ دە، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆزگەرمەس لەقەمگە ئايلىنىدۇ.

موڭغۇل ئېگىزلىكى ۋە ئوتتۇرا ـ مەركىزىي ئاسىيانىڭ بىر قىسمىنى كونترول قىلغان، چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنى ئاساس قىلىدىغان ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى 9 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرى يىمىرىلىپ، ھەرقايسى قەبىلىلەر چۆللۈكنىڭ جەنۇبى ۋە خېشى كارىدورى، شەرقىي تەڭرىتاغنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبى، يەتتىسۇ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە قەشقەر ۋادىسىغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، بۇ يۇرتلاردىكى دېھقانچىلىق ئىگىلىكى بىلەن مەشغۇل بولىدىغان قېرىنداشلىرى بىلەن قوشۇلۇپ، سىڭىشىپ كەتتى ۋە ئارىدىن بىر ئەسىر ئۆتمەيلا دېھقانچىلىق ئىگىلىكى ۋە شەھەر ھاياتىنى ئۆزلىرىنىڭ ئىگىلىك شەكلى قىلىپ تاللىۋالدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە چىڭگىزخان ئىستېلاسىدىن ئىلگىرىلا ئۇيغۇر خەلقىدە قەبىلە تۈزۈمى زور دەرىجىدە يىمىرىلىپ، كىشىلەر يۇرت ـ ئايماقلارنىڭ نامى بىلەن پەرقلەندۈرۈلىدىغان ھالەت شەكىللەندى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە لەقەملەر كىشىلەرنىڭ سالاھىيىتى، شۇغۇللانغان كەسپى، كۆرسەتكەن باھادىرلىقلىرى، مىجەز ـ خۇلقىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بولدى.

بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، «ئۇيغۇرلار مىللەت بولۇپ شەكىللەنگەن دەۋرلەرگە كەلگەندە ئۇرۇق ـ قەبىلەناملىرىنى تەدرىجىي

تاشلاپ، كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ يەككە ئىسىملىرى بىلەن ئاتالغان. لېكىن بۇ خىل شەكىلدە كىشىلەرنى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرۈش، ئۇلارنى سۈرۈشتۈرۈش قىيىن بولغاچقا، كىشىلەر بىر - بىرىنى پەرقلەندۈرۈش ۋە سۈرۈشتۈرۈشتە ياشىغان جايلىرىنىڭ نامى ياكى جەمەت ئىچىدىكى ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىلىرىنىڭ ئىسمىغا تايىنىشقا توغرا كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، كىشىلەر لەقەم ئارقىلىقمۇ ئوخشاش ئىسىملىكلەرنى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرگەن ھەم بۇ خىل ئۇسۇل قولايلىقلىقى، جانلىقلىقى بىلەن خەلق ئارىسىدا ئومۇملاشقان. كىشىلەر مەلۇم كىشىنى سۈرۈشتە قىلىشتا شۇ كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ ياكى ئۇرۇق - جەمەتىنىڭ ئىچىدىكى بىرەر كىشىنىڭ جىسمانىي جەھەتتىكى مەلۇم ئالاھىدىلىكى، ئۇلارنىڭ شۇغۇللانغان كەسپى، يۇرۇش - تۇرۇش جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى ياكى ئۇلارنىڭ ياشىغان جايى قاتارلىقلارنى ئاساس قىلىپ قويۇلغان لەقەملەر ئارقىلىق سۈرۈشتە قىلغان. ئايرىم جايلاردا ھازىرمۇ مەلۇم شەخسنى سۈرۈشتە قىلىشتا ئۇنىڭ جەمەتىنىڭ لەقىمىگە تايىنىش ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەپ كېلىۋاتىدۇ. بولۇپمۇ شەرقىي شىنجاڭدىكى تۇرپان، قومۇل رايونلىرىدا بۇ خىل ئەھۋال بىرقەدەر گەۋدىلىك.»①

چىڭگىزخان ئىستېلاسىدىن كېيىن ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا چاغاتاي خانلىقى بولۇپ قۇرۇلدى ۋە ئىسلامنى قوبۇل قىلمىغان نۇرغۇن تۈركىي ۋە موڭغۇل قەبىلىلىرى ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراشقا باشلىدى. 14 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا چاغاتاينىڭ ئالتىنچى ئەۋلاد نەۋرىسى تۇغلۇق تۆمۈرخان ئىلى دەرياسى بويىدىكى ئالمالىق شەھىرىدە ئىسلام

① ئابدۇغېنى ئوسمان: «ئۇيغۇرلاردىكى لەقەم قويۇش ئادىتى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە»، «تىل ۋە تەرجىمە ژۇرنىلى»نىڭ 2013 - يىللىق 1 - سانى.

دىنىنى قوبۇل قىلدى ۋە دۆلەت ئەركانلىرى، لەشكەر ۋە پۇقرالار ئارىسىدا مەجبۇرىي ئومۇملاشتۇردى. ئىسلامدىن چەتتە قالغان قاراشەھەر، تۇرپان، قومۇللارغا قاتتىق قوللۇق بىلەن دىنىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا باشلىدى، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ھەتتا ئۇستۇن لەشكىرىي كۈچ بىلەن قاراشەھەر، تۇرپان، قومۇللارغا ھۇجۇم قىلىپ، بۇ دىيارلاردىكى پۇقرالارنىڭ ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىشكە مۇۋەپپەق بولدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئېتىقاد بىرلىكى ۋە يېزىق بىرلىكى ئەمەلگە ئېشىپ، ھەرقايسى يۇرتلار بىر ـ بىرىگە تەسىر كۆرسىتىپ، مەدەنىيەتتە بىر ـ بىرىنىڭ كەم يېرىنى تولۇقلايدىغان ھالەت شەكىللەندى.

مانجۇلار قۇرغان چىڭ سۇلالىسى 1759 ـ يىلى جۇڭغار خانلىقى ۋە خوجىلار ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ شىنجاڭنى ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالغاندىن كېيىن، دىنىي ئەركىنلىك سىياستى يۈرگۈزگەچكە، خەلقىمىزنىڭ تاكى چاغاتاي خانلىقىدىن تارتىپ شەكىللەنگەن ئاساسىي تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە مىللەت پىسخىكىسىدا چوڭ ئۆزگىرىش يۈز بەرمىدى. ئۇيغۇر لەقەملىرى ئۆزىنىڭ تارىخىي ئىزچىللىقى بويىچە تەرەققىي قىلدى ۋە خەلق ئارىسىدا تېخىمۇ كەڭ ئومۇملىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە مانجۇچە ۋە خەنزۇچە ئاتالغۇلار دەسلەپكى قەدەمدە كىرىپ ئۆزلىشىشكە باشلىدى. تۇرپان، قومۇل قاتارلىق جايلارغا ھوقۇق ئاتىدىن بالىغا قالىدىغان ئىنانچىخانلار، باشقا شەھەرلەرگە ھاكىمبەگلەر قويۇلغان بولغاچقا، ئۇلار ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى بېجىرىش، ئوردىغا مەلۇمات يوللاش ئېھتىياجىدىن خەنزۇ تىلىغا مۇراجىئەت قىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرمۇنچە خەنزۇچە، مانجۇچە ئاتالغۇلار كىرىپ ئۆزلىشىشكە باشلىدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا بەي يەنخۇ باشچىلىقىدىكى خۇيزۇ توپىلاڭچىلىرىنىڭ شىنجاڭغا قېچىپ

كېلىشى ۋە ئۇلتۇراقلىشىشى نەتىجىسىدە، خەنزۇ تىلىدىكى نۇرغۇن ئاتالغۇلار كىرىپ ئۆزلىشىشكە، يەنە كېلىپ كىشلەرگە يېقىدىن لەقەم بولۇپ قويۇلۇشقا باشلىدى. مىنگو دەۋرىدە بۇنداق لەقەملەر تېخىمۇ كۆپ قويۇلدى. كۇنىمىزدە ھەرقايسى يۇرتلاردا خەنزۇچە قويۇلغان لەقەملەرنى يەنىلا خېلى كۆپ ئۇچرىتىش مۇمكىن.

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، ئۇيغۇر لەقەملىرى تارىخىي ئۆزگىرىشلەر، سىياسىي داۋالغۇشلار، سىرتقى مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىدىن ئۇزۇكسىز ئۆزگىرىش ھالىتىدە بولۇپ كەلگەن. قايسى مەدەنىيەت، قايسى ئېتىقاد، قايسى تىل ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىسە، لەقەملەرمۇ شۇ تەرەپكە قاراپ ئۆزگىرىش ھالىتىدە بولغان، لېكىن لەقەملەرنىڭ ئاساسىي يۆنىلىشى، مەزمۇنىدا چوڭ ئۆزگىرىش بولمىغان. «دېمەك، لەقەم ئىشلىتىش ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارىخىي ئەنئەنىگە ئايلانغان بىر خىل ئادەت بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان ئىزچىل داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان مەدەنىيەت ھادىسىسىدۇر. لەقەملەرنى قېزىش، تەتقىق قىلىش، بۇنىڭ ئىجتىمائىي رولىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىش ھازىرقى دەۋرىمىز ئۇچۇنمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.»①

## ئۇيغۇر لەقەملىرىنىڭ ۋارىسچانلىق ۋە ئۆزگىرىشچانلىق ئالاھىدىلىكى

ئۇيغۇر لەقەملىرىنىڭ تەرەققىيات يۇزلىنىشىگە قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىك تەرەققىي قىلىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ مەدەنىيەت، تىل، ئېتىقادنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ

① ئابدۇغېنى ئوسمان: «ئۇيغۇرلاردىكى لەقەم قويۇش ئادىتى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە»، «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىنىڭ 2013 ـ يىللىق 1 ـ سانى.

ئۆزگىرىدىغانلىقىنى، ئۆز ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولغان لەقەملەرنىڭ يوقىلىدىغانلىقىنى، ھاياتىي كۈچى بولغان لەقەملەرنىڭ مىڭ يىللار بويى ياشايدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

خەلقىمىز مىڭ يىللار ئېتىقاد قىلغان شامانىزم ئېتىقادىدا ياشاپ كېلىپ، 8 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىغا بۆگۈ قاغان رەھبەرلىك قىلىۋاتقان يىللاردا مانىي دىنىغا كۆچكەن. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىم، لەقەم، ئۇنۋانلىرىدا مەلۇم ئۆزگىرىشلەر كۆرۈلگەن. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلىپ، خانلىقنىڭ ئاساسىي ئاھالىسى چۆللۈكنىڭ جەنۇبى ۋە خېشى كارىدورى ئەتراپى، شەرقىي تەڭرىتاغ رايونى، يەتتىسۇ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە قەشقەرگە كۆچكەندىن كېيىن، چارۋىچىلىق ئىگىلىكىدىن دېھقانچىلىق ئىگىلىكىگە كۆچكەن، دىنىي ئېتىقادىمۇ مانىي دىنىدىن بۇددىزمغا يۈزلەنگەن. شۇنىڭ بىلەن كىشى ئىسىملىرى، ئاۋام تىلى ۋە مەرتىۋە، ئۇنۋان ناملىرىدا بۇددا دىنىغا خاس ئاتالغۇلار كۆپىيىشكە باشلىغان. ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن ئىسىملاردا ئەرەبچە ۋە پارسچە ئىسىملار مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن. ئۇنىڭدىن كېيىنكى تارىخىي ئۆزگىرىشلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىملىرىدا زور ئۆزگىرىش كۆرۈلمىگەن بولسىمۇ، چىڭگىزخان ئىستېلاسى، چاغاتاي خانلىقى، سەئىدىيە خانلىقى، خوجىلار دەۋرى ۋە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە كىشى ئىسىملىرىغا ئۇلىنىپ كېلىدىغان ئىسىملار، بولۇپمۇ لەقەملەردە زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدە موڭغۇل تىلىغا خاس بولغان ئەمەل ـ ئۇنۋان ئاتالغۇلىرى، قەبىلە ـ ئۇرۇق ناملىرى ۋە باشقا زۆرۈر ئاتالغۇلار موڭغۇلچىدىن ئۇيغۇر تىلىغا سىڭىپ كىردى.

مەسىلەن: دورغا (دارۇغاچ)، زەڭگى، جايساڭ قاتارلىقلار. خوجىلار دەۋرىدە خوجا، خەلىپە، سوپى، ئىشان، پىر، بۇزرۇك دېگەندەك ئاتالغۇلار خەلق ئارىسىغا كۆپلەپ ئومۇملاشتى. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بولسا، مانجۇ تىلىدىن ۋە خەنزۇ تىلىدىن كىرگەن نۇرغۇن ئۇنۋان، مەرتىۋە، پۇل نامىلىرى تىلىمىزغا كىرىپ ئۆزلەشتى. مەسىلەن: بېيلى، بېيزى، كۇرە، داچەن، ياچەن قاتارلىقلار. گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە جەمئىيەتنىڭ تۈرلۈك ئورگانلىرى، سودا ـ سېتىق، پۇل مۇئامىلە ۋە باشقا تۈرلۈك ساھەلەردە خەنزۇچە ئاتالغۇلار كۆپلەپ قوللىنىلدى. ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى ھۆكۈمرانلىق قىلغان شىمالىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەتتە رۇسچە ئاتالغۇلار كۆپلەپ ئىشلىتىلدى. بۇلارنىڭ تەسىرى تاكى ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر لەھجىلىرى ئاساسىي ئىزچىللىقىنى ساقلىغان ئاساستا تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى. تۈگىمەس سىياسىي كۈرەش، سىياسىي دولقۇنلار ۋە بۇنىڭغا ئەگىشىپ تەرجىمە ۋە ئېغىز تىلى ئارقىلىق سىڭىپ كىرگەن يېڭىچە ئاتالغۇلار كۆپلەپ قوللىنىلىشقا باشلىدى. كىشى ئىسىملىرىدا ئەركىن، ئازات، كۈرەش، غەلىبە، ئادالەت، بىرلىك دېگەندەك يېڭىچە ئىسىملار پەيدا بولغان بولسا، لەقەملەردىمۇ شۇ چاغدىكى يېڭى سىياسىي ئاتالغۇلار، چاقىرىق كۆچىگە ئىگە شوئارلار كىشىلەرگە لەقەم بولۇپ سىڭىشكە باشلىدى. بۇ ھەقتە كۆپلەپ مىسال كەلتۈرۈش مۇمكىن.

ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش دولقۇنى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن، جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتى مىسلىسىز گۈللەندى. كىشىلەرنىڭ دۇنيانى چۈشىنىشى ۋە بىلىشى چوڭقۇرلاشتى. خەلقئارا مۇناسىۋەتلەرگە قىزىقتى.

بولۇپمۇ چەت ئەلنىڭ نادىر كىتابلىرى، نادىر كىنولىرى، ئۆرپ ـ ئادەت، تۇرمۇش ئۇسۇللىرى بىلەن ۋاستىلىك ئۇچراشتى. قايسى كىنو مودا بولسا، شۇنىڭدىكى پېرسوناژلار بەزىلەرگە لەقەم بولۇپ سىڭىشكە باشلىدى. بۇرنى قىرلىق، كۆككۆزلەرگە «گېرمان» دەپ لەقەم سىڭدى، ھىيلىگەر تىجارەتچىلەر «يەھۇدىي» دېيىلدى. چىرايلىق، سۆلكەتلىك قىزلار «رىتا» دېيىلدى. ئومۇمەن خەلقىمىز بىر ـ بىرىگە لەقەم قويۇشتا ئۆزلىرىنىڭ كەڭ قورساقلىقى، ئاق كۆڭۈللۈكى، تىلغا ئەپچىللىكى ۋە خۇشال ـ خۇرام كەيپىياتىنى ئىپادىلەپ ماڭدى. ھازىر يېڭىدىن پەيدا بولۇۋاتقان ۋە قويۇلۇۋاتقان لەقەملەرمۇ ئەلۋەتتە مۇشۇ خۇسۇسىيەتلەردىن مۇستەسنا ئەمەس.

## ئۇيغۇر لەقەملىرىنىڭ رايون ۋە يەرلىك خاسلىق ئالاھىدىلىكى

ئۇيغۇر لەقەملىرىدە ئوخشاش ئالاھىدىلىك ئاساسىي سالماقنى ئىگىلىسىمۇ، ئىنچىكىلەپ كۆزەتكىنىمىزدە روشەن رايون ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. بۇ ئالاھىدىلىكلەر ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە يۈز بەرگەن سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ۋە دىنىي ئۆزگىرىشلەر، ھەرقايسى يۇرتلاردا ياشىغۇچى ئۇيغۇرلارنىڭ روھىي قىياپىتى، شېۋە ئالاھىدىلىكى، ئەڭ مۇھىمى ئېتىقاد ئالاھىدىلىكى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك.

ئۇيغۇر لەقەملىرىنىڭ رايون ئالاھىدىلىكى تۆۋەندىكىچە:

1. قومۇل، تۇرپاننى مەركەز قىلغان شەرقىي تەڭرىتاغ رايونى ۋە تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىدىكى لوپنۇر رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تۇرپان، قومۇل ۋە موردىن ماناسقىچە بولغان تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدا ياشىغۇچى ئۇيغۇرلار ۋە لوپنۇر ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا بىرقەدەر قەدىمىي جەمەت لەقەملىرى،

ئۆرۈق ـ قەبىلە ناملىرىدىن قالغان لەقەملەر خېلى زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بۇ رايونلارغا ئىسلام دىنى كېيىنرەك تەسىر كۆرسەتكەن ھەم ئىسلامدىن ئىلگىرىكى لەقەملەر ۋە ناملار بىرقەدەر كۆپ ساقلىنىپ قالغان. خۇسۇسىي لەقەملەر ئارىسىدىمۇ ئوخشىتىش، سىمۋوللاش مەنىسىدىكى لەقەملەر كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

2. كۇچار ۋە ئاقسۇنى مەركەز قىلغان تارىمنىڭ شىمالىدىكى بوگۈردىن تارتىپ ئاقسۇ، ئۈچتۇرپانغىچە بولغان رايون. بۇ كەڭ رايوننىڭ سۇيى ئەلۋەك، مەئىشەت تولا، كىشىلىرى مۇلايىم، يېقىملىق كېلىدۇ. بۇ رايوندىكى لەقەملەر تۇرمۇش مەئىشەتلىرىنى ئاساس قىلغان، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشتا، ناخشا ـ سازغا، ئويۇن ـ تاماشىغا، كىشىلەرنىڭ بەدەنلىك ئالاھىدىلىكىگە، مىجەز ـ خاراكتېرىگە مۇناسىۋەتلىك لەقەملەر بىرقەدەر كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

3. قەشقەر ۋە يەركەننى ئاساس قىلغان تارىمنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدىكى ئاتۇشتىن تاكى قاغىلىقىچە بولغان رايون. بۇ رايوننىڭ تۇپرىقى مۇنبەت، سۇيى بىرقەدەر مول، ئادەملىرى ئىشچان ۋە ھۈنەرگە، سودا ـ تىجارەتكە ماھىر. بۇ رايوندىكى لەقەملەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى سودا ـ تىجارەت، بازار ئىشلىرى، ھۈنەرۋەنچىلىك، كىشىلىك خاراكتېرگە مۇناسىۋەتلىك. بۇ رايوندا ياشىغۇچى كىشىلەر سۆزمەن، ئوبرازلىق، پاساھەتلىك، مەنىسى چوڭقۇر، نەچچە قىرلىق گەپ قىلىشقا ئۇستا، سىپسىق، ئەگىتمە گەپلەرنى كۆپ قىلىدىغان بولغاچقا، لەقەملەردىمۇ بۇ ئالاھىدىلىكى روشەن ئەكس ئېتىدۇ.

4. تارىمنىڭ جەنۇبىدىكى گۇمىدىن تارتىپ چاقىلىقىچە بولغان رايون. بۇ رايوندا سۇ كەمچىل، بوستانلىقلار قۇملۇق بىلەن ئورىلىپ تۇرىدۇ. ھاياتلىق ئۈچۈن كۈرەش ھەممىدىن

مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ھاۋاسىنىڭ قۇرۇق سوغۇقلۇقى يۇقىرى، سۇ ئاز، تىرىلغۇ يەرمۇ ئاز بولغاچقا، كىشىلەر ياشاش ئۈچۈن جان تىكىپ دېھقانچىلىق قىلىشقا، ھۈنەر قىلىسمۇ ۋايىغا يەتكۈزۈشكە ئادەتلەنگەن. «خوتەننى مەركەز قىلغان جەنۇب تارىم ئۇيغۇرلىرىنىڭ لەقەملىرىدە ئاددىي خەلق تىلىدا كۆپ ئۇچرايدىغان ھۈنەر ـ كەسىپ، خۇلق ـ مىجەز، سۆز ـ ھەرىكەتكە دائىر لەقەملەر بىرقەدەر گەۋدىلىك بولۇپ، يېگىلىنىپ تۇرۇشى ئاستا بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بار.»①

5. ئىلى بىلەن بورتالانى مەركەز قىلغان تەڭرىتاغنىڭ غەربىي ۋە شىمالىدىكى ئىلى، بورتالا، چۆچەك، ئالتاي رايونى. بۇ رايوننىڭ يېرى كەڭ، سۈيى مول، مەئىشىتى تولا، چارۋىچىلىق بىلەن دېھقانچىلىق راۋاجلانغان. كىشىلەر ھەرقانداق ئىشتا بىر ـ بىرى بىلەن چاقچاقلىشىشقا ھېرىسمەن. بۇ رايونلاردا ياشىغۇچى ئۇيغۇرلارنىڭ قېنى ھەرقايسى يۇرتلاردىن كېلىپ يۇغۇرۇلغان بولغاچقا، گەپ ـ سۆزگە چېچەن، ئىلىمخۇمار، كۆڭۈل ئېچىشقا ھېرىسمەن كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ رايوندىكى لەقەملەردە ئاساسەن كۈلكە ـ چاقچاققا خۇرۇچ بولىدىغان مىجەز ـ خاراكتېر، بەدەنلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە لەقەملەر كۆپرەك ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، غۇلجا، چۆچەكلەردە پەننىي مائارىپ، مەتبۇئات ئىشلىرى ئەڭ بالدۇر باشلانغان بولغاچقا، كىشىلەرنىڭ ئېڭى ئوچۇق، ئىلىم ـ پەن روھى كۈچلۈك. بۇ رايوندا بىر ئەسىر ئىلگىرىلا چوڭ كۆلەم ھاسىل قىلغان، مۆتىۋەر جەمەتلەرنى كۆپ ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

6. ئۈرۈمچى، سانجى ۋە قاراماي ـ مايتاغنى مەركەز قىلغان

---

① ئىلشات ئابدۇشۈكۈر، غەيرەت ئابدۇللا كالدىر: «ئۇيغۇر لەقەملىرىنىڭ تۈرلىرى ۋە ئىجتىمائىي رولى»، «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 2001 ـ يىللىق 4 ـ سان.

يۇغۇرۇلما لەقەم رايونى. ئۈرۈمچى قەدىمدە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى بىلەن شىمالىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان ئەڭ مۇھىم ئۆتەڭلەرنىڭ بىرى ئىدى.
ئالىملار مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تە تىلغا ئېلىنغان ياڭبالىق شەھىرىنىڭ ئۈرۈمچى دائىرىسىدە ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئۈرۈمچى نۇرغۇن تارىخىي قىسمەتلەرنى باشتىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، بولۇپمۇ 1884 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىسى تەسىس قىلىنىپ، ئۈرۈمچى ئۆلكە مەركىزى قىلىنغاندىن كېيىن رەسمىي شەھەر تۈسىگە كىرىپ تەرەققىي قىلىشقا باشلىغان. چىڭ سۇلالىسى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، مۇھىم سودا مەركىزى سۈپىتىدە تەرەققىي قىلىشقا باشلىغان، كېيىن زامانىۋى ئوقۇتۇش مۇئەسسەسەلىرى، يېڭىچە مائارىپ ۋە زامانىۋى مەتبۇئات، ئاخبارات ۋاستىلىرى تەسىس قىلىنىپ، يېڭىچە قىياپەت بىلەن تەرەققىي قىلىشقا باشلىغان. ئازادلىقتىن كېيىن تۈرلۈك ئاپپاراتلار، ئىدارە ـ ئورگانلار، مەدەنىيەت، ئىقتىساد ئورۇنلىرى، بازارلار تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشقا قاراپ يۈزلەندى. بۈگۈنكى كۈندە، ئۈرۈمچىدە زور بىر تۈركۈم ئىلغار زىيالىيلار قوشۇنى توپلاشقان بولۇپ، ئەڭ يېڭى مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۈرۈمچىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ھەر قايسى ئۇيغۇر يۇرتلىرىدىن كەلگەن بولغاچقا، روھىي قىياپىتى، تىل ئالاھىدىلىكى، تۇرمۇش ئۇسۇلى قاتارلىق جەھەتلەردىن تۈرلۈك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۈرۈمچىدە لەقەملەرمۇ تۈرلۈك يۇرتلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. لېكىن ئۈرۈمچىدە نەچچە ئەۋلادتىن بېرى ياشاپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى يوقمۇ ئەمەس. ئۇلار چەبدەس، قىزىققان بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغاچقا، لەقەملەردىمۇ

قىسمەن مۇشۇنداق ئالاھىدىلىكلەر ئەكس ئېتىدۇ.
قاراماي بىلەن مايتاغ ئاساسەن ئازادلىقتىن كېيىن كەڭ كۆلەمدە ئېچىلغان ۋە شەھەر قىلىپ قۇرۇلغان بولغاچقا، بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ، خىزمەت قىلغانلاردۇر. شۇڭا، ئۇلارنىڭ لەقەملىرىدىمۇ ئومۇمىي جەھەتتىن ھەرقايسى يۇرتلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ئەكس ئېتىدۇ. لېكىن، قاراماي بىلەن مايتاغدا ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلارنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئىلى ئۇيغۇرلىرى ئىگىلىگەچكە، ئۇلارنىڭ لەقەملىرىمۇ ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ لەقەم ئالاھىدىلىكىگە ئىگە.
سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى دائىرىسىدىكى ئۇيغۇر لەقەملىرى دېگىنىمىزدە شەرقتە موردىن تاكى ماناسقىچە بولغان كەڭ ھەم مۇنبەت تۇپراقتا تارقاق ياشىغۇچى ئۇيغۇرلارنىڭ لەقەملىرىنى كۆزدە تۇتىمىز. سانجىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنىڭ تېگىنى سۈرۈشتۈرگەندە تۇرپان ئۇيغۇرلىرىغا تۇتىشىدۇ، شۇڭا، ئۇلارنىڭ لەقەملىرىدىمۇ تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ لەقەم ئالاھىدىلىكى ئاساسەن ساقلىنىپ قالغان. ئۇنىڭدىن باشقا، سانجى دائىرىسىدىكى يۇرتلارنىڭ مەئىشەتتى كەڭرى، سودا ـ تىجارەتتە ئۆتەڭلەر كۆپ بولغاچقا، باشقا يەرلەردىن سودا ـ سېتىق ۋە باشقا مۇناسىۋەتلەر بىلەن كېلىپ ئولتۇراقلاشقانلارمۇ ئاز ئەمەس. شۇڭا، بۇ رايوننىڭ مەدەنىيىتى ياكى لەقەملىرىدە قىسمەن يۇغۇرۇلما ئالاھىدىلىك مەۋجۇت.
ئۇيغۇر لەقەملىرىنىڭ رايون ئالاھىدىلىكى ئاساسەن شۇ يۇرتلاردىكى لەقەملەرنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى كۆزدە تۇتۇلغان بولۇپ، ئەمەلىيەتتە، چوڭ نۇقتىدىن ئالغاندا ئۇيغۇر لەقەملىرىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى، بولۇپمۇ خۇسۇسىي لەقەملەر ساھەسىدە ئوخشاشلىق كۆپ. يەنى، ئۇيغۇر

لەقەملەرنىڭ ئالاھىدىلىكى گىرەلەشمە ھالەتتە مەۋجۇت. مۇنداقچە ئېيتقاندا، «قاغا» لەقەملىكلەر قومۇلدىمۇ، خوتەندىمۇ، ئىلىدىمۇ، ئاقسۇدىمۇ، قەشقەردىمۇ مەۋجۇت. بەزى سەلبىي مەنىلىك لەقەملەر، ھايۋانات، مېۋە - چېۋىلەر، بەدەنلىك ۋە مىجەز - خاراكتېرگە ئاساسەن قويۇلغان لەقەملەرمۇ ھەم شۇنداق. شۇنىڭ ئۈچۈن، لەقەملەرنىڭ رايون ئالاھىدىلىكىنى ھەرگىزمۇ تەنھا ھالدا چۈشىنىۋالماسلىق، بىر - بىرىگە باغلىغان ھالدا مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش زۆرۈر.

## ئۇيغۇر لەقەملىرىنىڭ مەزمۇن جەھەتتىن رەڭدار، قىزىقارلىق بولۇش ئالاھىدىلىكى

ئۇيغۇر لەقەملىرى مەزمۇن جەھەتتىن رەڭدار، ئىخچام، ياساھەتلىك، تىلغا راۋان كېلىدۇ، تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرى، ياشاۋاتقان تەبىئەت، شەخسنىڭ مىجەز - خۇلقى، بەدەنلىك ئالاھىدىلىكى... ئىشقىلىپ لەقەملىنىشكە تۇتقا بولىدىغانلىكى شەيئى ۋە ھادىسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇيغۇر لەقەملىرىنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىگە نەزەر تاشلىساق، خەلقىمىزنىڭ پىسخىكىسى، ياشاش ئادىتى، تۇرمۇش ئۇسۇلى، ئىشلەپچىقىرىش مەدەنىيىتى، مەدەنىيەت، تەنتەربىيە، كەسىپ - كار دېگەندەكلەرنىڭ ھەممىسىدىن ئۆزىگە خاس يول بىلەن بىزگە ئۇچۇر بېرىدۇ. بەزى يۇرتلاردا لەقەم شۇنچىلىك كۆپكى، ئۇلاغلىق ھارۋىنىڭ ھەممە جابدۇقىنىڭ نامىنى ئاشۇ يۇرت كىشىلىرىنىڭ لەقىمىدىن تاپقىلى بولىدۇ، دەيدىغان گەپلەرمۇ بار. بۇنداق بولۇشىدا، خەلقىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى ئاساس قىلغان ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلى دېھقانچىلىق، ئېتىز - ئېرىق، باغۋاران، ھايۋانات، تەبىئەت بىلەن

ئورلىپ تۇرىدۇ. شۇڭا، بۇنىڭغا ئائىت لەقەملەر مۇقەررەر ھالدا كۆپ بولغان.

لەقەملەرنىڭ كىشىلەر ئارىسىغا شۇ دەرىجىدە كەڭ ۋە چوڭقۇر تارقىلىشى ۋە سىڭىشىدىكى بىردىنبىر سەۋەب، ئۇنىڭغا ئاتاشقا ئەپچىل كېلىشى ۋە شۇ لەقەمنىڭ لەقەملەنگۈچىنىڭ مەلۇم ئالاھىدىلىكىنى دەل جايىدا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلىگەنلىكى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك.

لەقەملەرنىڭ رەڭدارلىقى بىر جەھەتتىن خەلقىمىزنىڭ كەڭ قورساق، ئازادە، خۇشچاقچاق پىسخىكىسىنىڭ نامايەندىسى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئاھالىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنىڭ سىرتقى دۇنيا بىلەن ئاز ئارىلىشىپ، بېكىك ھالەتتە ياشىغانلىقىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسىدۇر.

خەلقىمىزنىڭ فامىلىلىك مىللەت بولۇشىغا ھەرجەھەتتىن تەييارلىق كۆرۈلۈۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، خەلقىمىز ئارىسىدا كەڭ تارقالغان ۋە چوڭقۇر ئىجتىمائىي ئاساسقا ئىگە بولغان ئاتا مىراس لەقەملەر ۋە باشقا لەقەملەردىن پايدىلىنىپ فامىلە ئۆرنەكلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈش تامامەن مۇمكىن.

## زامانىۋى مەدەنىيەت لەقەملەرنىڭ ئازىيىشىغا سەۋەب بولماقتا

ئىنسانىيەت ئېلېكترون دەۋرىگە كىرگەندىن باشلاپ، نۇرغۇن ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتلەر خىرىسقا دۇچ كەلدى، خىرىسقا بەرداشلىق بېرەلمىگەنلىرى ئاستا ـ ئاستا يوقىلىشقا قاراپ يۈزلەندى. خەلقىمىزگە زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ تەسىرى زور بولغان 30 ~ 40 يىلدىن بۇيان، ئۆرپ ـ ئادەت، قائىدە ـ يوسۇن، ئەنئەنىۋى ئەدەپ ـ ئەخلاق، قىممەت قارىشى، تۇرمۇش ئۇسۇلىدا نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. بىز مانا مۇشۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ،

يوقىتىشلارنىڭ تىرىك شاھىدى بولدۇق. لەقەملەرمۇ ئەنئەنىۋى تىل ۋە مەدەنىيەت ھادىسىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن نۆۋەتتە كۆچلۈك خىرىسقا دۇچ كەلمەكتە — لەقەملەر ئازىيىشقا قاراپ يۈزلەنمەكتە.

لەقەملەرنىڭ ئازىيىپ بېرىشىغا ئالدى بىلەن زامانىۋى مەدەنىيەت، شۇنداقلا ئېلېكتىرلەشكەن ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى سەۋەبچى. نېمىشقا بۇنداق دەيمىز؟

زامانىۋى مەدەنىيەت، ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش ئۇسكۈنىلىرى ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلار كىشىلەرنىڭ ئالدىنقى تاللىشىغا ئايلانغاچقا، ئەنئەنىۋى قول ھۈنەر كەسىپلىرى كۆچلۈك خىرىسقا دۇچ كېلىپ، كۆپىنچىلىرى يوقىلىشقا قاراپ يۈزلەندى. بۇنىڭ بىلەن لەقىمى شۇغۇللىنىدىغان ھۈنىرى بىلەن ئاتىلىدىغان كىشىلىرىمىزنىڭ سانى شىددەت بىلەن ئازىيىپ كەتتى. مەلۇمكى، ھۈنەر – كەسىپ بىلەن ئاتالغان لەقەملەر ئۇيغۇر لەقەملىرىدا خېلى زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ئازىيىپ كېتىشى، ئارىدىن بىرنەچچە ئەۋلادنىڭ ئاتا ھۈنىرىگە ۋارىسلىق قىلماسلىقى، تۇرلۇك ئائىلىۋى ۋە جاھاندارچىلىق مۇناسىۋەتلىرى تۈپەيلىدىن، ھۈنەرنى لەقەم قىلغان كىشىلىرىمىزنىڭ نىسبىتىنى ئازايتىۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن لەقەملەرنىڭ ئازىيىشى روشەن كۆرۈلۈشكە باشلىدى. «شۇنى ئېيتىش كېرەككى، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇيغۇرلار نوپۇسقا تىزىملاتقاندا، ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا ئاتا ئىسمى فامىلە ئورنىدا ئېلىنىپ، لەقەملەر يېزىلمىغان. بۇنىڭ بىلەن ئاتا ئىسمى بارا – بارا لەقەمنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ قانۇنىي نامغا ئايلانغان. لەقەملەر بولسا پەقەت ئادەتتىكى كىشىلىك مۇناسىۋەت دائىرىسىدىلا

ساقلىنىپ قالغان، ھەتتا شەھەرلەردىكى كادىر ـ زىيالىيلار ئارىسىدا ئاستا ـ ئاستا ئىستېمالدىن قالغان.»[1]

جەمئىيەتتە ئوقۇغانلارنىڭ، جاھان كۆرگەنلەرنىڭ كۆپىيىشى، كىشىلەرنىڭ بىلىم ساپاسىنىڭ ئۆسۈشى، ئولتۇراقلىشىش جەھەتتىكى رايون ئايرىمىسىنىڭ ئېنىق ئايرىلىشى سەۋەبىدىن كىشىلەرنىڭ مىجەز ـ خۇلقىغا، بەدەنلىك ئالاھىدىلىكىگە قاراپ قويۇلىدىغان لەقەملەر ئازىيىشقا قاراپ يۈزلەندى. مەلۇمكى، مىجەز ـ خاراكتېرى، بەدەنلىك ئالاھىدىلىككە ئاساسەن قويۇلىدىغان لەقەملەر ئاساسەن كۆڭۈل ئېچىشنى، كۈلكە ـ چاقچاقنى ئەۋجىگە چىقىرىشنى، زېرىكىشلىكنى بېسىشنى مەقسەت قىلىدۇ. ھازىر كىشىلەرنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشى رەڭگارەڭلەشتى، بۇرۇنقىدەك قۇرۇقتىن ـ قۇرۇق مۇڭداشمىسىمۇ، بىر ـ بىرىنىڭ يېغىرىنى تاتىلىمىسىمۇ، كۆڭلىرى كۆڭۈللۈك ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، كىشىلەر ساپاسىنىڭ ئۆسۈشى باشقىلارنى كەمسىتىش، چېقىۋېلىش، بەدەنلىك ئالاھىدىلىكىنى تىلغا ئېلىپ چاقچاق قىلىشنى ئانچە كۆتۈرۈپ كەتمەيدۇ. كىشىلەر بىر ـ بىرىنىڭ كۆڭلىنى ئاياىدىغان بولۇپ كەتتى. يەنە كېلىپ، «كىشىلەرنىڭ پەن ـ مەدەنىيەت ساپاسىنىڭ ئۆسۈشى بىلەن ئويۇن ـ چاقچاق مەقسىتىدە ياكى قەستەن سۇندۇرۇش مەقسىتىدە قويۇلىدىغان، لەقەم قويۇلغۇچىغا ھاقارەت ياكى پىسخىكىلىق بېسىم پەيدا قىلىدىغان لەقەملەرنى قويۇش ئەھۋاللىرى ئازايدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ھازىر يۇرت، كەنت ۋە مەھەللە قاتارلىق رايون ئايرىملىرى بۇرۇنقىغا قارىغاندا تېخىمۇ ئىنچىكە ئايرىلغان بولغاچقا، كىشىلەرنىڭ مەلۇم كىشىنى ئوخشاش ئىسىملىكلەردىن

[1] ئازات سۇلتان قاتارلىقلار: «ئۇيغۇر فامىلە تەتقىقاتى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2002 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 210 ~ 211 ـ بەتلەر.

پەرقلەندۈرۈش مەقسىتىدە لەقەم ئىشلىتىش ئېھتىياجى ئازايدى.»①

يەنە بىر سەۋەب شۇكى، ھازىر شەھەر ـ بازارلىشىش سىددەت بىلەن تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ، كىشىلەر تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە تىرىشىپ تىرىكچىلىك قىلىدىغان، ئائىلىسى، بالا ـ چاقىسىنى ئوبدان ئوقۇتۇش، يارامىلىق ئادەم قىلىپ تەربىيەلەش ئۈچۈن قاترايدىغان بولۇپ كەتتى. شۇڭا، بىر ـ بىرىنى لەقەم بىلەن ئاتاشقا، لەقەمگە خۇرۇچ بولۇشقا چولىسى يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە، «بۇرۇنقى ئادەم ئاز، لەقەم ئىشلىتىش تازا ئومۇملاشقان ۋاقىتلاردا يېقىن ئەتراپتىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دىگۇدەك بىر ـ بىرى بىلەن تونۇشىدىغان بولۇپ، تۇرمۇش رىتىممۇ بىر ـ قەدەر ئاستا ئىدى. كىشىلەر بىر ـ بىرىنىڭ ئىشلىرىغا قىزىقىشاتتى، بىر ـ بىرى بىلەن ھەر كۈنى دىگۇدەك كۆرۈشۈپ ئالاقىلىشىپ تۇراتتى. شۇڭا، ئوخشاش ئىسىملىكلەرنى لەقەم ئارقىلىق پەرقلەندۈرۈش ئادەت ئىدى. ھازىرقى دەۋرگە كەلگەندە لەقەم قويۇشنىڭ ئازلاپ بېرىشىدا ئادەملەرنىڭ كۆپىيىشى، شۇنىڭدەك تۇرمۇش رىتىمىنىڭ تېزلىشىشىمۇ مۇھىم بىر سەۋەبتۇر.»②

لەقەملەرنىڭ ئازىيىشى بۈگۈنكى كۈندىكى مۇقەررەر يۈزلىنىشتۇر. ھاياتىي كۈچى چەكلىك لەقەملەرنى يوقىلىشتىن توسۇپ قېلىش تەس. ھاياتىي كۈچى كۈچلۈك، چۈشىنىشلىك، ئىخچام، مېغىزلىق لەقەملەرنى زور كۈچ بىلەن ساقلاپ قېلىش، ئاتا مىراس جەمەت لەقەملىرىنى فاملە قىلىپ قوللىنىشقا تەرەققىي قىلدۇرۇش نۆۋەتتىكى مۇھىم خىزمەت ھېسابلىنىدۇ.

① ئابدۇغېنى ئوسمان: «ئۇيغۇرلاردىكى لەقەم قويۇش ئادىتى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە»، «تىل ۋە تەرجىمە ژۇرنىلى» 2013 ـ يىللىق 1 ـ سانى.
② ئابدۇغېنى ئوسمان: «ئۇيغۇرلاردىكى لەقەم قويۇش ئادىتى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە»، «تىل ۋە تەرجىمە ژۇرنىلى» 2013 ـ يىللىق 1 ـ سانى.

# ئۈچىنچى باب
# ئۇيغۇر لەقەملىرىنىڭ ئىجتىمائىي رولى ۋە بەزى ئامىللار بىلەن مۇناسىۋىتى

ئۇيغۇر لەقەملىرى ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەدىمكى ئىسىم ۋە فامىلە مەدەنىيىتىنىڭ بوگۇنگىچە بولغان تەرەققىيات جەريانىنى بىلىشىمىزدىكى جانلىق دەرسلىك ۋە پاكىت. شۇنداقلا تارىختىن ئۇچۇر يەتكۈزگۈچى «ئۇچۇرچى»، كىشىلەرنى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن سىپلىنغان شەكىلسىز «ئەن»، يەنە شۇنداقلا ئۆز ئالدىغا بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئويۇن، كۇلكە - چاقچاقلارنى ئەۋجىگە كۆتۈرىدىغان «خۇرۇچ»لۇق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلمەكتە. شۇڭا لەقەملەرنىڭ ئىسىم، فامىلە، تارىخ، تىل، چاقچاق، يەرناملىرى بىلەن بەلگىلىك مۇناسىۋىتى بار.

## لەقەم ۋە ئىسىم

ئۇيغۇرلاردا لەقەم قوللىنىشنىڭ سەۋەبلىرى كىتابىمىزنىڭ باش قىسمىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىدىرىدىكى زىيادە تەكرارلىق ۋە ئاتا ئىسمىنى پەقەت بىرلا ئەۋلادقا فامىلە قىلىش، بۇنىڭ بىلەن مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ ئاتىسى ۋە بوۋىسىدىن باشقا ئەجدادلىرىنىڭ ئىسمىنى بىلمەسلىكتەك ئەھۋال ئىسمىنى پەرقلەندۈرىدىغان لەقەمنى قوللىنىشنى تەقەززا قىلدى. ئالايلۇق، ئەخمەت ئىسىملىكلەر كۆپ تۇرپاندا

ئەخمەت توخۇ، ئەخمەت كۇلتۇك، ئەخمەت پاچاق، ئەخمەت موماي دېگەندەك لەقەملەر بىلەن؛ نىياز ئىسىملىكلەر كۆپ قومۇلدا نىيـ ياز قاۋاق، لوڭقا نىياز، كاردان نىياز، شاخاڭ نىياز دېگەندەك لەـ قەملەر بىلەن؛ رەيهان ئىسىملىكلەر كۆپ غۇلجىدا رەيهان كۇلـ دۇرگە، رەيهان قاتتىق، رەيهان يۇمشاق دېگەندەك لەقەملەر بىلەن ئوخشاش ئىسىملارنى پەرقلەندۇرگەن.

ئۇيغۇر لەقەملىرىنىڭ قوللىنىش ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا، كۆپىنچە لەقەملەر كىشى ئىسىملىرىنىڭ كەينىگە قوشۇلىدۇ، مەسىلەن: ئابدۇقادىر جاڭگى، غېنى باتۇر، سىيىت نوچى، قاسىم چىۋىش .... دېگەندەك. ئاز ساندا ياكى ئايرىم رايونلاردا لەقەم كىشى ئىسمىنىڭ ئالدىغا قوشۇلىدۇ. خۇتۇق نىياز، تۇرغاي توختى، مىسباش ئىسمائىل... دېگەندەك. بەزى ھۆرمەت لەقەملىرى يېزىقتا كىشى ئىسمىنىڭ ئالدىغا يېزىلىسمۇ، ئېغىز تىلدا يەنىلا كىشى ئىسمىنىڭ كەينىگە قوشۇپ ئېيتىلىدۇ. مەسىلەن: ئەللامە ئالائىدىن خوتەنى، ھاجى ئىمىن تۇرسۇن، ھاجى خوجائابدۇللا ئوسمان دېگەندەك.

تېگىدىن ئېيتقاندا، لەقەم ئىسىم ئىگىسىنى تېخىمۇ خاسلاشتۇرۇش، ئېنىقلىقا ئىگە قىلىش مەقسىتىدە قوللىنىلىدۇ. ئىسىم كىشى تۇغۇلغاندا قويۇلغان بولغاچقا، ئۇنىڭ مەنىسى كۆپ ھاللاردا شۇ كىشىنىڭ كېيىن ھازىرلىغان سالاھىيىتىگە ماس كەلمەسلىكى مۇمكىن. مانا مۇشۇ سالاھىيەتنى ئېنىقلاش مەقسىتىدە لەقەم قويۇلىدۇ، بۇ قويۇلغان لەقەم ئىسىمغا قوشۇلۇپ كېلىپ، شۇ شەخسنىڭ سالاھىيىتىنى ئىپادىلەشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

### لەقەم ۋە فامىلە

فامىلە ــــ ئورتاق قانداشلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە بولغان

پۈتۈن بىر جەمەت سىستېمىسىنىڭ ئومۇمىي نامى ياكى نەسەب بەلگىسى بولۇپ، ئۇ «جەمەت ئىسمى» ياكى «ئائىلە ئىسمى»دۇر. ئۇيغۇر لەقەملىرى ئىچىدە جەمەت لەقەملىرى تارىختىن بۇيان فامىلە رولىنى ئۆتەپ كەلگەن. ئۇيغۇرلاردىكى جەمەت لەقەملىرى ئەجدادلىرىمىز تېرىم ھاياتىغا كۆچكەندىن كېيىنكى دەۋرلەردە تەدرىجىي شەكىللەنگەن. تارىختا ئۇيغۇرلارنىڭ ھەرقايسى ئۇرۇق - قەبىلىلىرى كۆچمەن چارۋىچىلىق ھاياتىدىن مۇقىم ئولتۇراقلاشقان ھاياتقا كۆچۈپ تېرىم ئىگىلىكىگە مەركەزلىشىپ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى بوستانلىقلاردا بوستانلىق مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇيغۇرلاردا ئۇرۇق - قەبىلە يىمىرىلدى. 15 - ئەسىردىن كېيىن، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئۇرۇق - قەبىلە ئادەتلىرى ۋە نام - ئاتالغۇلىرى تەدرىجىي ئىستېمالدىن قېلىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى يۇرت ياكى جەمەت نامىنى بىرلىك قىلغان ئىجتىمائىي گۇرۇھلار بارلىققا كەلدى. جەمەت لەقەملىرى مانا مۇشۇنداق شارائىتتا بىر جەمەت كىشىلىرىنىڭ قانداشلىق مۇناسىۋىتى ۋە نەسىل - نەسەبىنى كۆرسىتىش، جەمەتلەرنى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرۈش، ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق زەنجىرىنى باغلاش ئېھتىياجى بىلەن ئەنئەنە بولۇپ شەكىللەندى. خۇددى تىلشۇناس، تەتقىقاتچى ئابدۇرەئۇپ پولات تەكلىماكانىي ئېيتقاندەك: «ئاتا - بوۋىلارنىڭ لەقەملىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ كېلىۋاتقان ئەۋلادلار مىڭلاپ، ئونمىڭلاپ تېپىلىدۇ، مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، خەلق ئىچىدە كەڭ تارقالغان لەقەملەرنى ‹خەلق ئىچىدىكى فامىلە› دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ». دېمەك، ئۇزاق تارىخ جەريانىدا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا جەمەت لەقەملىرى فامىلە ئورنىدا ئىشلىتىلگەن.

بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ قوللانغان فامىلىسى — شۇ مىللەتنىڭ مەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ

مۇھىم بەلگىسى. مۇتەپەككۇر سوقرات: «تەپەككۇرسىز ھايات — ياشاشقىمۇ ئەرزىمەيدۇ. ئۆزۈڭنى تونۇ» دېگەن. ئىنسانىيەت ئالىمى ئاجايىپ زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن بۈگۈنكى كۈندە، فامىلە دەپ ئاتا ئىسمىنى ئىسمىمىزنىڭ ئاخىرىغا يېزىپ، ئاتاپ يۈرۈۋاتىمىز. تىل ئىلمى جەھەتتە ئازراق خەۋىرى بارلار كىشى ئىسمى+ ئاتا (دادا) ئىسمىنىڭ ئىسىم ـ فامىلە مەزمۇنىنى ئېنىق بىلدۈرەلمەيدىغانلىقىنى چۈشىنىدۇ. فامىلە خاسلىقىنى بىلدۈرسە، ئىسىملار كۆپ ھالدا ئورتاقلىققا ئىگە بولىدۇ.

«فامىلە» دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا قويغىلى بولىدىغان قاداش، ئوغۇش، جەددى، جەمەتى، قاياشى، تەگاتى دېگەندەك نۇرغۇن ئانا تىل سۆزلەملىرى بولسىمۇ، 1930 ـ يىللاردىن كېيىن رۇس تىلىدىن كىرگەن «فامىلە» سۆزى تىل ئىستېمالىمىزدىن ۋە كىملىكنى ئىسپاتلايدىغان ھۆججەت ـ ۋەسىقىلەردىن ئورۇن ئېلىپ ئانا تىلنى قىستاپ قويدى. ياكوپ گىرىم ئېيتقاندەك: «بىر مىللەتنىڭ تىلى ئۆز نۆۋىتىدە شۇ مىللەتنىڭ تارىخىدۇر. بىر مىللەتنىڭ تارىخىغا نىسبەتەن ئۇستىخان ـ سۆڭەك، قەبرە ـ كېپەنلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ جانلىق بىر پاكىت باركى، ئۇ بولسىمۇ ئۇلارنىڭ تىلىدۇر.» شۇنداق ئىكەن، فامىلە قوللىنىشتا قەدىمكى ئۇرۇق ـ قەبىلە نامىنى، خەلق ئارىسىدىكى لەقەملەرگە سىلىشتۇرۇپ قېزىش بىلەن ئەمەلىيەتتە پايدىلىنىشنى گىرەلەشتۈرۈش لازىم. ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزغا ۋارىسلىق قىلىش كېرەككى، سەل قاراشقا بولمايدۇ. بىز ئۇنۇم بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان جەمئىيەتتە ياشاۋاتىمىز. فامىلە قوللىنىشتا ئىجتىمائىي ئۇنۇم بولمىسا زورۇقۇش ـ ئۇرۇنۇشلار بىھۇدە ئاۋارىچىلىك، خالاس.

2000 ـ يىللاردىن كېيىن، ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئارىسىدا فامىلە قوللىنىش ۋە بۇ تۇردىكى تەتقىقاتلار چوڭقۇر قانات يايدى.

ئارسلان ئابدۇللا تەھور، غەيرەتجان ئابدۇللا كالدىر، ئەنۋەر سەمەت قورغان، مۇتەللىپ سىدىق قاھىرى قاتارلىق تەتقىقاتچىلار لەقەمنىڭ بولغۇسى ئۇيغۇر فامىلىلىرىنىڭ مۇھىم مەنبەلىرىدىن بىرى بولىدىغانلىقىنى تارىخ ۋە مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن دەلىللىدى. مەنمۇ مۇشۇ تەتقىقاتلارنىڭ زەرەتلىشىدە، لەقەم توغرىسىدا ئىزدىنىش سەپىرىگە ئاتلاندىم ۋە نەچچە ئەۋلادتىن بۇيان داۋام قىلىپ كەلگەن ئاتا مىراس لەقىمىم «چابىش» نى رەسمىي فامىلە قىلىپ قوللىنىشقا باشلىدىم. دېمەك، فامىلە قوللىنىش مەنىۋىيەت ئىسلاھاتى بولۇپ، بۇنىڭ چوقۇم ئەمەلگە ئېشىشىغا ئىشەنچ قىلىش كېرەك.

ئومۇملاشتۇرغاندا، ئۇيغۇر لەقەملىرى خەلقىمىزنىڭ فامىلە قوللىنىش ئېھتىياجىنى تولۇقلاش رولىنى ئوينايدۇ. شۇڭا، ئۇنى چوڭقۇر قېزىش، ئەتراپلىق تەتقىق قىلىش، كىشىلەرنىڭ لەقەملەرگە بولغان چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## لەقەم ۋە تىل

ئۇيغۇر لەقەملىرى خىلمۇخىل، چېتىلىش دائىرىسى كەڭ، رەڭدار، ئانا تىل پۇرىقى كۈچلۈك بولۇش ئالاھىدىلىكى بىلەن ئۇيغۇر تىل سۆزلىكى (لېكسىكىسى) نىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلانغان. ئۇيغۇر تىلىمىزنىڭ لېكسىكىسىدا ئۆزگە تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنىڭ نىسبىتى بىرقەدەر كۆپ. ئەمما خەلقىمىزنىڭ لەقەملىرىدە، بولۇپمۇ، چەت ـ ياقا يۇرتلاردىكى قېرىنداشلىرىمىز ئىچىدىكى لەقەملەردە ئانا تىلىمىزغا دائىر سۆزلەر مۇتلەق كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ. مەسىلەن: ئۆردەك، كالتەك، توقماق، كاتاڭ، كالاڭ، بۆرە، ئابدال، قوداي، بالچۇق، ياشمان، كەمشۈك ... ۋە باشقىلار.

ئۇيغۇر لەقەملىرىنىڭ لېكسىكىلىق قۇرۇلمىسىدىن ئالغاندا، ئۇيغۇر لەقەملىرىدە تاق تەركىبلىك، يەنى بىرلا سۆزدىن تۈزۈلگەن لەقەملەر كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدۇ. قوش تەركىبلىك ۋە كۆپ تەركىبلىك لەقەملەر ئازراق.

ئۇيغۇر لەقەملىرىدە يەنە تىلدىكى مەجازىي ۋاستىلەردىن ئوخشىتىش، مۇبالىغە، كىنايە، تەسۋىرلەش، بايان قىلىش قاتارلىقلار كۆپرەك قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن: تۆگە، پاشا، خوراز (ئوخشىتىش)؛ گۇمبەز، چاقماق، شامال، لاچىن (مۇبالىغە)؛ پاكار، ئىشتىنى چولڭ، قار ياغدى (كىنايە)؛ قارىۋاي، مەشكە، سېرىق، قىزىلباش (تەسۋىرلەش)، ناۋاي، كۆنچى، قازانچى، ئالتۇنچى (بايان قىلىش) قاتارلىقلار...

ئۇيغۇر لەقەملىرىنىڭ ئىچىدە يەنە بىرمۇنچە باشقا تىللاردا ئاتىلىدىغان لەقەملەرمۇ مەلۇم نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ. بۇ لەقەملەر يېقىنقى يۈز يىل مابەينىدە خەلقىمىزنىڭ بەزى رايونلىرىغا خەنزۇ، خۇيزۇ ئاممىسىنىڭ كۆچۈپ كېلىشى، ئىجتىمائىي، سىياسىي ئۆزگىرىشلەر، جەمئىيەت ئەھۋالى، تۇرمۇش شەكلىنىڭ ئۆزگىرىشى قاتارلىق ئامىللار بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇمۇ بىزنىڭ بىرقەدەر چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشىمىزنى تەقەززا قىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىل پەرھىز ئادەتلىرىدىن ئالغاندا، باشقىلارنىڭ لەقىمىنى لەقەم ئىگىسىنىڭ ئالدىدا تىلغا ئېلىشتىن پەرھىز قىلىنىدۇ. چۈنكى لەقەملەر ئىچىدىكى بەزى كەمسىتىش مەنىسىدىكى لەقەملەرنى ۋاقىت ۋە سورۇنغا قارىماي تىلغا ئالغاندا ئويلىمىغان بەزى كۆڭۈلسىزلىكلەر كېلىپچىقىشى مۇمكىن.

## لەقەم ۋە ئاغزاكى تارىخ

ئۇيغۇر لەقەملىرى ئىچىدىكى بىرقىسىم لەقەملەر مەلۇم تارىخىي ۋەقەلەرنى ئۆزىنىڭ كېلىپچىقىش مەنبەسى قىلغان

بولۇپ، تارىختىن بۇيان ئەجدادتىن ـ ئەۋلادقا مىراس بولۇپ داۋاملىشىپ، مۇئەييەن ئوخشىمىغان دەۋرلەردىكى تارىخنىڭ گۇۋاھچىسىغا ئايلانغان. بۇ لەقەملەرنىڭ بەزىلىرى تارىختا مەشھۇر بولغان لەقەم ئىگىسىنىڭ نامى بىلەن قوشۇلۇپ، تارىخ بەتلىرىدىن ئورۇن ئالسا، بەزىلىرى ئەجدادتىن ـ ئەۋلادقا مىراس بولۇپ كەلگەن. تارىخىي لەقەملەر تۈرىگە ئايرىشقا بولىدىغان بۇ لەقەملەر خەلق ئىچىدە تارقىلىپ، مۇھىم ئاغزاكى تارىخ ماتېرىياللىرىنى دەۋرىمىزگىچە يەتكۈزگەن. لەقەمگە مۇناسىۋەتلىك ئاغزاكى تارىخ ماتېرىياللىرىنى رەتلەش، توپلاش، تەتقىق قىلىش ئالدىمىزغا قويۇلغان مۇھىم بىر ۋەزىپە بولۇشى كېرەك. تۆۋەندە ئوخشىمىغان تارىخىي دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى بولغان بىر قىسىم لەقەملەرنى كۆرۈپ باقايلى:

**ئالاچىخان**

بۇ تۇغلۇق تۆمۈرخان ئەۋلادلىرىدىن شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانى ئەھمەدخاننىڭ لەقىمى. ئەھمەدخان شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئاستانىسى لۈكچۈن شەھرىدە تەختتە ئولتۇرغان. ئۇ خان بولغان مەزگىلىدە ئويراتلارغا كۆپ قېتىم لەشكەر تارتىپ ئارقا ـ ئارقىدىن غەلىبە قىلىپ، جىق قان تۆككەن، شۇڭا، «جان ئالغۇچى قانخور خان» دېگەن مەنىدە «ئالاچىخان» دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭ بۇ سۈپەت لەقىمى تارىخىي يازمىلاردا قەيت قىلىنغان.

تارىخ ئۇچۇرى: بۇ لەقەمنىڭ ئىگىسى ئەھمەدخان يەركەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى سەئىدخاننىڭ ئاتىسى بولۇپ، لۈكچۈن شەھرىنى پايتەخت قىلىپ، چاغاتاي خانلىقىنىڭ شەرقىدىكى جايلاردا (1485 ـ 1504 يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) خان بولغان. بۇ لەقەم شەرقىي چاغاتاي خانلىقى بىلەن ئويراتلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش غەلىبىسىنىڭ يالدامىسى بولۇپ قالغان.

جاللات خېنىم

تارىختا «ئاپاق خوجا» دەپ مەشھۇر نامى بار خوجا ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ كىچىك خوتۇنى، مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم ئاپاق خوجا ئۆلگەندىن كېيىن ئۆز ئوغلىنى ئاپاق خوجىنىڭ ۋارىسى قىلىش ئۈچۈن، ئاپاق خوجىنىڭ مەكتىلىك چوڭ خوتۇنىدىن بولغان چوڭ ئوغلى غوجا يەھيانى ھەم خوجا يەھيانىڭ قوللىغۇچىلىرىنى رەھىمسىزلىك بىلەن ئۆلتۈرگەن. ھاكىمىيەت تالىشىپ مەقسىتىگە يېتەلمىگەن خوجا ـ ئىشانلار مۆھتەرەم خېنىمغا «جاللات خېنىم» دېگەن لەقەمنى قويغان. شۇنىڭدىن باشلاپ مۆھتەرەم خېنىمنىڭ نامى جاللات خېنىم ۋە ئۇنىڭ ياتقان مازىرىمۇ «جاللات خېنىم مازىرى» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.

تارىخ ئۈچۈرى: بۇ لەقەمنىڭ ئىگىسى مۆھتەرەم خېنىم يەركەن سەئىدىيە خانلىقى (1514 ـ 1682) خان جەمەتىدىكى مەلىكىلەردىن بىرى بولۇپ، ئۇ سۇلتان ئابدۇرەشىتخاننىڭ 12 ـ ئوغلى، تۇرپان، قومۇل تەرەپلەرگە ۋالىي بولغان ئابدۇرەھىمخاننىڭ ئەۋلادى. «جاللات خېنىم» دېگەن بۇ لەقەم 1694 ~ 1695 ـ يىللاردا قەشقەر، يەركەنلەردە يۈز بەرگەن ھوقۇق تالىشىش كۈرەشلىرىنىڭ شاھىدى سۈپىتىدە تارىخىي يازمىلاردا خاتىرىلەنگەن، شۇنداقلا ئەل ئىچىدە ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ كەلگەن.

ئەنشىلىك

1780 ـ يىللار ئەتراپىدا چىڭ سۇلالىسى تۇرپاندا چېرىك ئاجرىتىپ يەتتە ئورۇندا «گۇڭشاڭ» (خانلىق يەر) ئېچىشنى پىلانلىغان. لېكىن يەرلىك ئاھالىلەر بىلەن ماسلاشتۇرۇش، بولۇپمۇ تىل قىيىنچىلىقى تۇرپان ئامبالىنىڭ بېشىنى قاتۇرغان. شۇنىڭ بىلەن مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن، ئىمىن خوجىنىڭ ئەنشىنىڭ گۇۋاجۇغا كۆچۈرگەن

ئاھالىلەرىدىن ئەنشىدە قىپقالغان ياكى ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان ياقۇپ بابا دېگەن كىشى ئەنشىدىن تۇرپانغا مەخسۇس تەرجىمانلىققا ئەكېلىنگەن. شۇنىڭدىن كېيىن تۇرپان ئامبىلىنىڭ ئىشلىرى يۈرۈشۈپ، خىزمەتلىرى ئوڭۇشلۇق تاماملانغان. تۇرپان ئامبىلى ياقۇپ بابانىڭ تۆھپىسىنى تارتۇقلاش ئۈچۈن ئۇنىڭ تەلىپى بولسا ئورۇندايدىغانلىقىنى ئېيتقان. ياقۇپ بابا توقسۇندىكى «خانلىق يەر» تەۋەسىدىن بىر بۆلەك يەر سوراپدۇ ۋە ئەنشىدىكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى بۇ يەرگە كۆچۈرۈپ كېلىشنى ئېيتىدۇ، ئامبال بۇنى تەستىقلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ياقۇپ بابا ۋە ئۇنىڭ تۇغقانلىرى بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىدۇ. يەرلىكلەر ئۇلارغا «ئەنشىلىك» دەپ لەقەم قويىدۇ، بۇ لەقەم شۇنىڭدىن باشلاپ داۋاملىشىپ جەمەت لەقىمىگە ئايلانغان. ئۇلارنىڭ مەھەللىسىنى ھازىرغىچە «ئەنشى مەھەللىسى» دەپ ئاتاپ كەلمەكتە.

تارىخ ئۈچۈرى: بۇ لەقەم جۇڭغار موڭغۇللىرىنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، 1732 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ياردىمىدە، ئىمىن خوجا باشچىلىقىدىكى تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەنشىنىڭ گۇۋاجوغا كۆچۈشى ۋە قايتىپ كېلىشى، 1755 ـ يىلى يەنە چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئىجازىتى بىلەن ئۆزىگە قاراشلىق ئاھالىنى تۇرپانغا قايتۇرۇپ كەلگەنلىكى، ئىنتايىن ئاز بىر قىسىم ئاھالىلەرنىڭ ئەنشىدە قىپقالغانلىقى، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تۇرپاندا چىرىكلەرنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشى، تەرجىمانلارنىڭ شۇ دەۋردىكى ئورنى قاتارلىقلاردىن تارىخىي ئۇچۇر بېرىدۇ.

**ئەنجان**

ئەنجان پەرغانە ۋادىسىغا جايلاشقان مۇھىم شەھەر. تارىختىن بۇيان پەرغانە بىلەن قەشقەرنىڭ سودا ـ سېتىق، مەدەنىي ئالاقىسى ناھايىتى قويۇق بولۇپ كەلگەن. ئوتتۇرا ئەسىر ۋە

يېقىنقى زامان تارىخىدا كۆتۈرۈلگەن سىياسىي داۋالغۇشلار بۇ ئىككى يۇرتقا ئوخشاش تەسىر كۆرسەتكەن. شەرقىي چاغاتاي خانلىقى ۋە سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە بۇ ئىككى يۇرتنىڭ ئالاقىسى ئىنتايىن زىچ بولغان، ئاھالىلەرنىڭ ئۇ يۇرتتىن بۇ يۇرتقا كۆچۈش ئەھۋاللىرى كۆپلەپ يۈز بەرگەن. بولۇپمۇ 1864 ـ يىلى سىياسىي سۇيىقەستنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قەشقەرگە كەلگەن ياقۇپبەگ زامانىدا پەرغانىدىن كۆپلەپ ئاھالە لەشكەر سۈپىتىدە شىنجاڭغا كەلگەن ۋە ياقۇپبەگنىڭ بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان. ياقۇپبەگنىڭ 14 يىللىق ھۆكۈمرانلىقى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئىمكانىيىتى بارلىرى پەرغانىگە قايتقان بولسىمۇ، خېلى كۆپ قىسمى ھەرقايسى يېزا ـ كەنت، شەھەرلەردە تۇرۇپ قالغان ۋە يەرلىكلەرگە سىڭىپ كەتكەن. مانا مۇشۇ كىشىلەرنىڭ بىر قىسمى ئۇلارنىڭ ئانا يۇرتلىرىنىڭ نامى بويىچە «ئەنجانلىق» دەپ ئاتالغان. ئىسمى بىلەن قوشۇپ ئاتىغاندا «ئەنجانىي» ياكى «ئەنجان» دەپ ئاتالغان. بۇلار بارا ـ بارا جەمەت لەقىمىگە ئايلىنىپ كەتكەن.

1878 ـ يىلى زو زۇڭتاڭ قوماندانلىق قىلغان چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ياقۇپبەگ قوشۇنلىرىنى ئارقىمۇئارقا تارمار قىلىپ، شىنجاڭنى قايتۇرۇۋالدى. شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئەسىرگە چۈشكەن ياكى ئۆزلۈكىدىن قورال تاشلىغان ياقۇپبەگ قوشۇنلىرى يەرلىكتىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تۇرۇپ قېلىپ، قىز ـ چوكانلار بىلەن ئۆي ـ ئوچاقلىق، بالا ـ چاقىلىق بولۇپ ئاددىي پۇقرا قاتارىدا ياشاپ كەلگەن. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ كىشىلەر ماكانلاشقان جايلىرىدا جەمەت تۈپىنى شەكىللەندۈرگەن. يەرلىكلەر بۇلارنىڭ ئەسلىي يىلتىزى «ئەنجان» ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ «ئەنجان» لەقىمى بىلەن ئاتاشقان.

تارىخ ئۇچۇرى: بۇ لەقەم 1866 ـ يىلى شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن، ئىلگىرى ـ كېيىن خوتەندىن قومۇلغىچە بولغان يۇرتلارنى ئىگىلەپ، «يەتتە شەھەر ھاكىمىيىتى» نى قۇرغان ياقۇپبەگنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىنىڭ 14 يىلدىن كېيىن مەغلۇبىيەتلىك ئاقىۋىتىنىڭ يالدامىسىدۇر. شۇنىمۇ ئەسكەرتىمىزكى، بۇ لەقەم ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كەڭ تارقالغان، بەزى يۇرتلاردا بۇ لەقەمنىڭ قويۇلۇشىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى يۇقىرىدا قەيت قىلىنغاندەك بولسا، يەنە بەزى يۇرتلاردا «ئەنجان» لەقەم ئىگىلىرى ياكى ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى تارىختا سودا ـ تىجارەت بىلەن ئەنجانغا بارغان ياكى ئەنجان ماللىرىنى ياخشى كۆرىدىغان سەۋەبتىن لەقەم قىلىپ قويۇلغان بولۇشى مۇمكىن.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئەنجان بىلەن شىنجاڭ ئارىسىدا قاتناپ سودا ـ تىجارەت قىلىدىغانلارمۇ سىمۋوللۇق مەنىدە «ئەنجانلار» دەپ ئاتالغان. پىچان ناھىيەسىنىڭ لۇكچۇن بازىرىدا «ئەنجان» لەقەملىك كۆزگە كۆرۈنگەن بىر جەمەت بار. بۇلار جەمەت لەقىمىنىڭ كېلىش مەنبەسىنى ئېنىق بىلمىسىمۇ، يۇقىرىدا ئېيتىلغان سەۋەبلەرنىڭ بىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى شۈبھىسىز. بۇنداق لەقەملىكلەر يەنە قەشقەر، يەركەن تەرەپلەردىمۇ كۆپ بولۇشى مۇمكىن. ئۇ يەرلەرگە بېرىپ بۇ ھەقتە مەخسۇس تەكشۈرۈپ باقمىغاچقا، بۇ ھەقتە كۆپ توختالمايمەن.

### قايناق سۇلار

شاھ مەخسۇت ۋاڭ دەۋرىدە، روزىمەتبەگ باشچىلىقىدا 200 ئاتلىق ئەسكەر ئىلىغا جەڭگە ياردەم بەرگىلى بارغان. بۇ ئەسكەرلەر بىرقانچە قېتىملىق جەڭدە غەلىبە قىلغان. يەنە بىر قېتىم شىددەتلىك جەڭدە ئىككى تەرەپ قاتتىق تىركىشىپ، ھېچقايسى تەرەپ ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە پېتىنالماي تۇرۇۋاتقان پەيتتە،

قومۇل تەرەپنىڭ تۇغبېگى ئۇسساپ كېتىپ، يېنىدىكى ئەسكەردىن سۇ تەلەپ قىلغان. بۇ ئەسكەر جىددىيچىلىكتە يېڭىلا قايناق سۇ قاچىلانغان سۇداننى تۇغبېگىگە گەپ قىلمايلا بەرگەن. راسا چاڭقىغان تۇغبېگى سۇداننى قولىغا ئېلىپلا ئىچكەن، بۇنىڭ بىلەن تۇغبېگىنىڭ ئاغزى كۆيۈپ، قولىدىكى سۇدان ئاتنىڭ دۈمبىسىگە چۈشۈپ، قىزىق سۇ ئاتنىڭ دۈمبىسىنى كۆيدۈرگەن، بۇنىڭدىن قاتتىق ئۈركىگەن ئات ئالغا قاراپ ئۇچقاندەك چاپقان، تۇغبېگى ئاتنىڭ تىزگىنىنى تارتىشقا ئۈلگۈرمەي، ئۈركىگەن ئات ئۈستىدە بايراق تۇتقان هالدا تەنها ئىلگىرىلىگەن. بۇنى كۆرگەن ئەسكەرلەر هۇجۇم بۇيرۇقى بېرىلگەن ئوخشايدۇ دەپ بىراقلا هۇجۇمغا ئۆتكەن ۋە غەلىبە قىلغان. جەڭدىن كېيىن قوماندان روزىمەتبەگ تۇغبېگىنى ئەيىبلەپ، «نېمە ئۈچۈن بۇيرۇقتا بويسۇنماي، ئۆز بېشىمچىلىق قىلىسەن؟» دېگەندە، ئاغزى كۆيۈپ كەتكەن تۇغبېگى گەپ قىلالماي پەقەت «قايناق سۇ، قايناق سۇ!» دېيەلىگەن. شۇنىڭدىن كېيىن تۇغبېگىگە «قايناق سۇ» دېگەن لەقەم سىڭىپ قالغان ۋە ئۇنىڭ جەمەتى تولىشىپ ئولتۇراقلاشقان مەهەللىمۇ شۇ نام بىلەن ئاتالغان.

- تارىخ ئۇچۇرى: 1911 - يىلى پۈتۈن مەملىكەتنى زىلزىلىگە سالغان شىنخەي ئىنقىلابى پارتلاپ، مەملىكەتنىڭ هەرقايسى جايلىرىدا چىڭ سۇلالىسىگە قارشى كۈرەشلەر باشلانغان مەزگىلدە، شىنجاڭغىمۇ گېلاۋخۇي، تۇڭمېڭخۇي ئەزالىرى كېلىشكە باشلىغان ۋە كېيىنرەك ئىلىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن. بۇ ۋەقەلەر بولۇپ، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، چىڭ سۇلالىسى ئاغدۇرۇلۇپ، جۇڭخۇا مىنگو قۇرۇلغانلىقى جاكارلانغان. شۇنىڭ بىلەن ئىلىدىكى پىيادە قىسىملارنىڭ باش مەسلىهەتچىسى، تۇڭمېڭخۇينىڭ ئەزاسى ياڭ زەڭشىن جۇڭخۇا مىنگونى ئېتىراپ قىلىپ، شىنجاڭنىڭ هەربىي - مەمۇرىي باشلىقى يۈەن داخۇانى

جۇمھۇرىيەتنى ئىتىراپ قىلىشقا قىستىغان. نەتىجىدە، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش پارتلاپ، ياڭ زەڭشىۋ يۈەن داخۇانىڭ ئىلى كۈرەدە تۇرۇشلۇق ئەسكەرلىرىنى قوغلاپ چىقىرىپ، ئۆز قوشۇنى بىلەن شەرققە قاراپ ئىلگىرىلىگەن. بۇ ئەھۋالدىن ساراسىمىگە چۈشكەن يۈەن داخۇا ياڭ زەڭشىۋگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن قومۇل ۋاڭى شاھ مەخسۇتتىن خىللانغان 200 نەپەر ئاتلىق ئەسكەر تەلەپ قىلغان. داۋامى يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك بولۇپ، بۇ لەقەم دەل مۇشۇ تارىخىي ۋەقەنىڭ شاھىدى ھېسابلىنىدۇ.

**قاغا**

بۇ لەقەم ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كەڭ تارقالغان لەقەم بولۇپ، بەزى كىشىلەرنىڭ مېڭىشى قاغىغا، بەزىلەرنىڭ گەپ - سۆزى قاغىنىڭ قاقىلدىشىغا، يەنە بەزىلەرنىڭ كۆڭلىنىڭ قارىلىقى قاغىنىڭ قارىلىقىغا ئوخشىتىلىپ «قاغا» لەقىمى قويۇلغان. ئەمما قورغاس ناھىيەسىدىكى ئىسمائىل قاغا دېگەن كىشى لەقىمىنىڭ يۇقىرىقىغا ئوخشىمايدىغان تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى بار:

1950 - يىللارنىڭ ئاخىرى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە «تۆت زىيانداشنى يوقىتىش» چاقىرىقى چىقىرىلغان. ھەر ساھە، ھەر كەسىپتىكىلەرگە تۆت زىيانداشنى يوقىتىش ۋەزىپىسى تەقسىم قىلىنىدۇ. كىم تۆت زىيانداشنى كۆپ يوقاتسا تەقدىرلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇشمۇ چۈشۈرۈلىدۇ. قورغاس ناھىيەسى لوسىگۇڭ يېزىسىدا ئىسمائىل ئىسىملىك بىر دېھقان بولۇپ: «نەچچە يىلدىن بۇيان نۇرغۇن ئادەم ئىشلەپچىقىرىش ئىلغارى، ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ مۇكاپاتلاندى، ھەتتا بېيجىڭلارغىچە بېرىپ ئويناپ كەلدى. مەن ھېلىغىچە بېيجىڭ تۇرماق يېزىدىن نېرىغا چىقىپ باقمىدىم. مانا ئەمدى پۇرسەت كەلگەندەك قىلىدۇ. بىزنىڭ بۇ يەردە قاغا،

قۇشقاچتىن تولا نەرسە يوق. بۇلارنى كۆپلەپ ئۆلتۈرسەم، چوقۇم «تۆت زىيانداش»نى يوقىتىش نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالىنالايمەن، شۇنىڭ بىلەن بېيجىڭغا بېرىپ، داھىيمىز ماۋجۇشىنى كۆرۈپ كېلەلەيمەن» دېگەن ئويلارنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ، ناھايىتى خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇ ئىشتىن چۈشۈپلا باشقا ئىش قىلماي، باغلاردىكى، ئورمانلىقلاردىكى ۋە يول بويلىرىدىكى ئېگىز تېرەكلەرگە چىقىۋېلىپ، ھەدەپ قاغا چاڭگىلىرىنى بۇزغىلى تۇرۇپتۇ ۋە نۇرغۇن قاغىنى ئۆلتۈرۈپتۇ. ئەسكى تاملىقلارنى ئارىلاپ يۈرۈپ، نۇرغۇن قۇشقاچلارنى ئۆلتۈرۈپتۇ. ئۆلتۈرگەن قاغا، قۇشقاچلارنىڭ بېشىنى ئۈزۈپ، مۇناسىۋەتلىك ئادەملەرگە ساناپ تۇرۇپ تىزىمغا ئالدۇرۇپتۇ. ھەقىقەتەن يېزا تەۋەسىدە تۆت زىيانداشنى ئۇنىڭدەك كۆپ ئۆلتۈرگەن ئادەم چىقماپتۇ. بىرنەچچە ئايدىن كېيىن يۇقىرىنىڭ ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن «تۆت زىيانداشنى يوقىتىش نەمۇنىچىسى»نى سايلىغانىكەن، ھەممە ئادەم بىر ئېغىزدىن ئىسمائىل دېگەن بۇ ئادەمنى كۆرسىتىپتۇ. ئۇ كىشى «ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئاشىدىغان بولدى، چاتاق يوق بېيجىڭغا بېرىپ ئويناپ كېلىدىغان بولدۇم» دەپ خۇشال بولغىنىدىن نەچچە كېچە ئۇخلىيالماپتۇ. لېكىن قورغاس ناھىيەسىدە ئېچىلغان يىغىنغا قاتنىشىپلا، بىر ۋاراق تەقدىرنامىنى كۆتۈرۈپ قايتىپ كەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ كىشىلەرگە: «بۇنداق بولۇشنى ئويلىغان بولسام شۇنچە جاپا تارتىپ قاغا، قۇشقاچ ئۆلتۈرۈپ نېمە قىلاتتىم» دەپ يۈرۈپتۇ. لېكىن شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ كەينىگە «قاغا» دېگەن لەقەم سىڭىپ قاپتۇ ۋە بالىلىرىغا مىراس بولۇپ كېلىۋېتىپتۇ.

تارىخ ئۇچۇرى: 1958 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن چۈشۈرگەن «تۆت زىيانداشنى يوقىتىپ، تازىلىققا ئەھمىيەت بېرىش توغرىسىدىكى كۆرسەتمە»

بويىچە پۈتۈن مەملىكەت بويىچە «تۆت زىياندىش» نى يوقىتىش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلغان. بۇ لەقەم ئەنە شۇ تارىخىي ھەرىكەتتىن ئۇچۇر بېرىدۇ.

ۋەنسۇي

1960 ـ يىللاردىكى كوممۇنا مەزگىللىرىدە، مەلۇم بىر يۇرتتا ئىبلى ئىسىملىك بىر كىشى كوللېكتىپ ئاشخانىسىدا زاپخوز ئىكەن. شۇڭا ئۇنى ئىبلى زاپخوز دەپ ئاتايدىكەن. ئىبلى زاپخوز كۆڭلىدە ھەممە ئادەم «ماۋجۇشى ۋەنسۇي» (ماۋجۇشى ياشىسۇن) دەپ توۋلايدۇ، نېمىشقا مېنى ۋەنسۇي دېمەيدۇ؟» دەپ ئويلاپ، بىر ئامال تېپىپتۇ. بىر كۈنى ئۇ ئەزالارغا تاماق ئۇسۇۋېتىپ، باشقا بىرىگە: «ئىبلى ۋەنسۇي» دېسەڭ، تاماقنى كۆپ ئۇسۇپ بېرىمەن» دەپتۇ. تاماق ئالغۇچى ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە قىلىپ، نورمىدىن كۆپرەك تاماق ئېلىپتۇ، ئىبلى زاپخوزمۇ «ئىبلى ۋەنسۇي» دىن سۆيۈنۈپ خۇشال بولۇپتۇ. بۇ ئىش بىرنەچچە قېتىم داۋام قىلىپ، پاش بولۇپ ئىبلى زاپخوزنى تەشكىل قاتتىق كۆرەش قىلىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ كىشىگە «ۋەنسۇي» (ياشىسۇن) دېگەن لەقەم سىڭىپ قاپتۇ.

تارىخ ئۇچۇرى: 1958 ـ يىلىدىن كېيىنكى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش»، «خەلق كوممۇناسى»، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دېگەندەك ھەرىكەتلەر داۋامىدا شەخسكە چوقۇنۇش پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدە ئەۋج ئالدى. بۇ لەقەم دەل «شەخسكە چوقۇنۇش» ئىدىيەسىنىڭ ياldامىسىدۇر.

## لەقەم ۋە چاقچاق

لەقەم بىلەن چاقچاق بىر ـ بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ. چاقچاق — ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئادەتلىرىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، خەلق ئاغزاكى ئىجادىيىتىنىڭ ھەجۋىي تۈرىگە تەۋە خاس ئاممىۋى

ژانىردۇر. چاقچاقمۇ لەقەمگە ئوخشاش ئۇيغۇرلار ئارىسىدا شۇنچىلىك ئومۇملاشقانكى، ئۇيغۇرلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنى چاقچاقسىز تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس، شۇڭا ئۇيغۇر چاقچاقلىرى ئىچىدە لەقەملىك چاقچاق چاقچاقنىڭ ئەڭ كەڭ تارقالغان شەكلى ھېسابلىنىدۇ. لەقەملىك چاقچاقتا چاقچاق ئوبيېكتىنىڭ لەقىمىنى توغرىدىن - توغرىغا تىلغا ئالماي، خىلمۇخىل بوياقلار بىلەن پەردازلاپ ئىشارىلىك سۆرەتلەش ئارقىلىق كۈلكە پەيدا قىلىدۇ. باشقىلارنىڭ زىتىغا تېگىدىغان، غۇرۇرىغا تېگىدىغان، باشقىلارنىڭ ئالدىدا خىجىل قىلىدىغان، يۈزىنى چۈشۈرىدىغان ئىشلارغا قەتئىي يول قويۇلمايدۇ. بۇنداق بولمىغاندا چاقچاق كۆتۈرەلمەيدىغان، لەقەم «ئېغىر» كەلگەن كىشىلەر بولسا كۆڭۈلسىزلىك يۈز بېرىدۇ. تۆۋەندە لەقەملىك چاقچاقلاردىن كۆرۈپ باقايلى:

قەدىمىي يۇرت لۈكچۈندىكى كونىشا مەھەللىسىدە ياغاچچىلىق قىلىدىغان نىياز كالاڭ (كالاڭ — تۇرپان شېۋىسى، قىيسىق، تەكشى ئەمەس مەنىلىرىدە قوللىنىلىدۇ) دېگەن كىشى ئاغىنىسى مەتنىياز كاكچىنىڭ بۇيرۇتمىسى بىلەن ئۇنىڭغا بىر ئىشىك ياساپ بېرىپتۇ. بىر كۈنى ئاددەم كۆپ بىر سورۇندا مەتنىياز كاكچا «سەن ياسىغان ئىشىك كالاڭكەندۇق» دەپتۇ. نىياز ئۇستا دەرھاللا: «كالاڭ چوڭ ئەمەس، ئىككى رەندە ئۇرۇپ كاكچىدەك ئېلىۋەتكەن بولسام بوپتىكەن» دەپتۇ، سورۇندا شۇئان كۈلكە كۆتۈرۈلۈپتۇ.

*　　　　*　　　　*

تېيىپجان ئېلىيوف، ھېسام قۇربان ۋە ئۇلارنىڭ يېقىنلىرىدىن بىرنەچچەيلەن بىللە مېڭىپ، بىر يولدىن كېسىپ

ئۆتمەكچى بولۇپتۇ. باشقىلار يولدىن ئۆتۈپ بولۇپ، كېيىنكى قارىسا ھېسامكام يولنىڭ قارشىسىدا ئۇيان ـ بۇيان مېڭىپ غەلىتە قىلىقلارنى قىلىپ تۇرغۇدەك. ئۇلار بىردەم ساقلىغاندىن كېيىن ھېسامكام يولدىن ئۆتۈپ ئۇلارغا قېتىلىپتۇ. ئارىدىن بىرى، «ھېسامكا، يولنىڭ نېرىسىدا نېمە قىلىپ يۈردۈڭ؟» دەپ سورىشىغا، تېيىپجان ئېلىيوف ھېسامكامنىڭ «دەلدۈش» دېگەن لەقىمىگە يۆلەپ: «ھېسام يول مېڭىشنى مەشىق قىلىۋالدى» دەپتۇ. ھېسامكامۇ تېيىپجاننىڭ «كالا» دېگەن لەقىمىگە يۆلەپ دەرھاللا: «تېيىپجانكام يولدىن ئۆتسە، قاتناش قىستاڭچىلىقى بولۇپ كېتىدىكەن، شۇڭا قىستاڭچىلىق بېسىلغىچە ساقلاپ تۇردۇم» دەپتۇ. شۇئان كۆپچىلىك قاقاھلاپ كۈلۈشۈپتۇ.

*　　　*　　　*

ئابدۇكېرىم خوجا بىلەن تېيىپجان ئېلىيوف بىللە شاھمات ئويناۋېتىپ، يېنىدا تۇرغان ئابلىز ئىسمائىلغا چاقچاق قىلىپ، «بۇ شاھماتتا ئات بار، بىراق ئابلىز يوق ئىكەن» دەپتۇ. تېيىپجان ئېلىيوف: «ئابلىز ئورۇق بولسىمۇ، ئاتتىن يوغان ـ دە» دەپتۇ. ئابدۇكېرىم خوجا: «تېيىپجانمۇ شاھماتتا يوق، لېكىن يىلنامىدا ئورنى چوڭ، يىل بېشى بەقەر (كالا) كەلسە، جاھان ئەلۋەكچىلىك بولىدۇ، دەيدىكەن» دەپتۇ. تېيىپجان ئېلىيوف: «قايسى قاپاقباشنىڭ تاپقان گېپىكەن ئۇ؟ قانچە يىل بېشى ئۆتتى، جۇتچىلىق بولىۋەردىغۇ؟» دەپتۇ، ئابدۇكېرىم خوجا دەرھاللا: «يەنە تاپتىن چىقتىڭىز ئاداش» دەپتۇ. شۇئان بۇ لەقەملىك چاقچاقتىن ئۇچەيلەنلا تەڭ كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ.

*　　　*　　　*

«تۆشۈك» لەقەملىك بىر مويسىپىت كىشى كەچتە

كېتىۋېتىپ، ئاغزى ئېچىلىپ قالغان بىر يەر ئاستى يولى قۇدۇقىغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئۇ سىمىز بولغاچقا، تار قۇدۇقتىن چىقالماپتۇ. ئۇ قۇدۇقتىن قولىنىڭ ئۇچىنى چىقىرىپ «قۇتقۇزۇڭلار!» دەپ ۋارقىراپتۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ بىلەن دائىم چاقچاقلىشىدىغان بىر ياش بۇ يەردىن ئۆتۈپ قاپتۇ. ئۇ قۇدۇققا ئېڭىشىپ: «ئاكا، بۇ سەنمۇ؟ ئۇ يەردە نېمە ئىش قىلىپ يۈرىسەن؟» دەپ سورىسا، مويسىپىت: «جېنىم ئۇكام، دىققەتسىزلىكتىن مۇشۇ يەرگە چۈشۈپ كەتتىم، قولۇمنى تارتىپ مېنى قۇتقۇزۇۋالساڭچۇ» دەپتۇ. ھېلىقى ياش چاقچاق قىلىپ: «ماقۇل، قۇتقۇزۇۋالاي، ئەمما سەن ماڭا ئۆزۈڭنىڭ نەگە چۈشۈپ كەتكەنلىكىڭنى دەپ بېرىسەن» دەپتۇ. «قۇدۇققا چۈشۈپ كەتتىم، تارتە قولۇمنى!» دەپتۇ مويسىپىت. «ياق، خاتا دېدىڭ!» دەپتۇ ياش. گەپنىڭ ئۆز لەقىمىگە كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان مويسىپىت يەنە گەپنى ئەپقېچىپ: «مۇشۇ يەر ئاستى سۇ يولىنىڭ كولىغان ئويمىنىغا چۈشۈپ كەتتىم» دەپتۇ. «ياق بولمىدى، خاتا دېدىڭ!» دەپتۇ ياش. مويسىپىت ئۇنى دەپتۇ، بۇنى دەپتۇ، ياشنىڭ ئۆز ئاغزى بىلەن ئۆز لەقىمىنى دېگۈزمىگىچە قولىنى تارتمايدىغانلىقىنى بىلىپ، ئاخىر ئاچچىق بىلەن: «تۆشۈككە چۈشۈپ كەتتىم، ئەمدى بولدىمۇ، تارتە قولۇمنى خۇمپەر!» دەپ ۋارقىراپتۇ. بۇ چاقچاق تېز ئارىدىلا جەمئىيەتكە تارقىلىپ كېتىپتۇ.

* * *

بىر كۈنى «تەخەي» لەقەملىك بىر كىشى ۋىجىك ئېشەك قېتىلغان ھارۋىسىنى ھەيدەپ كېتىۋېتىپتىكەن، يېرىم يولدا پىيادە كېتىۋاتقان «يورغا» لەقەملىك بىر كىشى ئۇنىڭ ھارۋىسىغا چىقىۋاپتۇ. بىردەم ماڭغاندىن كېيىن، «يورغا»

لەقەملىك كىشى «تەخەي» لەقەملىككە: «ئاداش، بۇ تەخىيىڭلار ۋىجىك بولغىنىنى بىلەن خېلى چەبدەسكەن جومۇا!» دەپ ھىجىيىپتۇ. «بۇ ۋىجىك بولغىنى بىلەن تەخەي ئەمەس، ئېشەك، قالتىس چاپىدۇ. پات ـ پات ئاتتەك يورغىلاپ قويىدۇ تېخى...!» دەپتىكەن، «يورغا» لەقەملىك كىشى چىرايى ئۆڭگەن ھالدا تېخى مەنزىلگە بارماي تۇرۇپلا، بىر ئىشنى باھانە قىلىپ ھارۋىدىن چۈشۈپ كېتىپتۇ.

*　　　*　　　*

زوردىن سابىر «ئانا يۇرت» رومانىدا ئابدۇۋەلى جارۇللا، بوۋىخان كور، زىكرى ئەلپەتتا، ئىبراھىم كېمىچى دېگەن سەنئەتكارلار ئارىسىدا بولغان لەقەملىك چاقچاقنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

«ناخشىلار تۈگەپ، مەرغۇلمۇ ئاخىرلاشتى. لېكىن يەگادا زوڭزىيىپ ئولتۇرغان ئابدۇمەر مىڭبېگىنىڭ خىيالى ئاخىرلاشمىدى.

— قاشقالىق ھۇي! — دېدى ئىبراھىم كېمىچى ئابدۇمەر مىڭبېگىنى نوقۇپ، — ئۇخلاپ قالدىڭمۇ، ھوشۇڭدىن كەتتىڭمۇ؟

— ياق، بۇياق ئالتە قوزا، بىر تاي قانچە بولىدۇ دەپ ھېسابلاپ چىقىرالمايۋاتىدۇ! — دېدى بوۋىخان ‹كور› دېگەن چاقچاقچى چاقچاقنى ئۇنىڭغا مەركەزلەشتۇرمەكچى بولۇپ، — ھەر كۈنى سەھەر تۇرۇپ قويچىلىرىدىن قانچە تۆل ئالدۇق دەپ سوراشنىڭ ئورنىغا، قويلارنىڭ قۇمىلىقى قانچە دەپ سورىغۇدەك.

— ھا ـ ھا ـ ھا...

ئابدۇمەر مىڭبېگىنىڭ لەقىمى ‹خەسىس› بولغاچقا، ئۇنىڭ خەسىسلىكى چاقچاق بىلەن دۇمبالىنىشقا باشلىدى:

— توخۇلارغا تېرىقنى ساناپ بېرىدىغان خەسىس!

— كەپتەرلەر داننى كۆپ يەۋالسا شاڭ دۈبەنگە ئەرز يازغان خەسىس!
— سېغىزخان تۇخۇم ئوغرىلىسا قۇرغۇيلىرىنى جازالىغان خەسىس!
— ئاسىيەخان پۇل سورىسا بانكىنى كۆرسىتىپ قويغان خەسىس!
— پۇل جىق كەتمىسۇن دەپ تۇل خوتۇن ئىزدەيدىغان خەسىس!
— غەلۋىرگە ياماق سالىدىغان...
— قېتىقتا چۈشكەن قىلنى شۈمەپ تاشلايدىغان...
— شامىنى بىر ئاي چاينايدىغان...
— كۆڭلىكىگە كاۋا يوپۇرمىقىدىن ياماق سالىدىغان...
كۈلۈپ كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ، ئۈچەيلىرى ئۈزۈلگۈدەك بولغان غوجام ئاخىر قولىنى كۆتۈرۈپ چاقچاقنى توختىتىشقا شەرەت قىلدى. چاقچاق توختىدى، ئابدۇمەر مىكىبىگى ئورنىدىن تۇرۇپ قوللىرىنى قوۋۇشتۇرۇپ:
— قېنى قىمىزغا باقايلى، تۆگىنىڭ قىمىزى. مەشرەپنى دەپ تۆت تۆگىنى ئۆيدە بېقىپ قىمىز قىلدۇردۇم. ئاخشام قىلغان، يېڭى قىمىز، غوجام! — دېدى ئۇ بىر قونغان قىمىزنى ئىچمەيدىغان غوجامغا ئالاھىدە چۈشەندۈرۈپ، — كاۋاپ ئالسىلا، غوجام!
— ھە، ھە، — دېدى غوجام، — ئەمدى خەسىس دېمىسەك بولغۇدەك، قىشتا تۆگە قىمىزى، پاقلان كاۋىپى... قولى جىق ئوچۇقكەن، ئوچۇقكەن...
كۆپچىلىك يەنە كۈلۈشتى.
— بايتال قىرىسا پەرت قىلىشىدۇ، خەسىس قېرىسا مەردلىشىدۇ، دېگەن ماقال بار، غوجام، — دېدى بوۋىخان يەنە چاقچاق

باشلاپ، ــ قارىسىلا، مۇنۇ كاۋاپ چىشى قوزىنىڭ گۆشىدەك قىـ ـلىدۇ. ئېمىشقا ئەركەك قوزىنىڭ گۆشىدىن قىلمىدى؟

ــ سىڭايىنىدىن قارىسا شۇنداق كۆرۈنىدۇ، ــ دېدى زىكرى بۇۋىخاننىڭ بىر كۆزى ئەلەس بولغاچقا، ‹كۆزىگە ھۇجۇم قىلىپ.

ــ مەن خاتا كۆرگەن بولسام ئابدۇۋەلى قاراپ باقسۇن ئەمەسە! ــ ئابدۇۋەلى جارۇللانىڭ لەقىمى ‹قارىغۇ› بولغاچقا، بۇۋىخان چاقچاقنى ئۇياققا يۆتكىدى.

ــ بۇ كاۋاپ قوي كاللىسىدەك قىلىدۇ، ھە، ئىبراھىم ئاكا! ــ دېدى ئابدۇۋەلى جارۇللا ‹تاز› لەقىمى بار ئىبراھىم كېمىچىگە ھۇجۇمنى توغرىلاپ.

ــ چاقچاق مايماق چىققىلى تۇردى، ــ دېدى ئىبراھىم يېنىدىكى ‹توكۇر› لەقەملىك بىرىگە.»[1]

دېمەك، لەقەم چاقچاقنىڭ مۇھىم خۇرۇچلىرىنىڭ بىرى. ئۇيغۇر چاقچاقلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان ئىلى چاقچاقلىرىغا نەزەر تاشلايدىغان بولساق، بۇ چاقچاقلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ لەقەمنى يوشۇرۇن ياكى ئاشكارا تىلغا ئېلىش، ياندىن تەسۋىرلەش ئۇسۇلى بىلەن چاقچاقنى ئەۋجىگە چىقارغانلىقىنى، بىر - بىرىنىڭ لەقەملىرىنى سىمۋوللاشتۇرۇش، جانلاندۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن تىل سەنئىتىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، سورۇن ئەھلىگە خۇشاللىق بېغىشلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئىلى چاقچاقچىلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ جامائەتكە تونۇشلۇق خۇسۇسىي لەقەملىرى بولغاچقا، ئۇلار چاقچاقلىشىشتا دائىم بىر - بىرىنىڭ لەقىمىنى يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا تەسۋىرلەپ، چاقچاقنىڭ پىلتىسى قىلىدۇ - دە، سورۇننىڭ قىزىشى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلايدۇ.

---

[1] زوردۇن سابىر: «ئانا يۇرت»، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 2000 - يىلى نەشرى 167 ~ 168 - بەتلەر.

## لەقەم ۋە يەرناملىرى

يەر ـ جاي ناملىرى شۇ جاينىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنى، تەبىئىي شەرت ـ شارائىتى، مەشھۇر كان بايلىقلىرى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى، ئاتاقلىق كىشىلىرى، قەھرىمانلارنىڭ نامى، شۇ ئورۇننى تاپقۇچىلارنىڭ نامى، يۈز بەرگەن تەبىئىي ۋە تارىخىي ۋەقە ـ ھادىسىلەر... قاتارلىق ئەھۋاللارغا ئاساسەن قويۇلغان. لەقەملەر بىلەن يەر ـ جاي ناملىرىمۇ بىر ـ بىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئوخشىمىغان ماكان، زاماندا بەزىدە يەر ـ جاي ناملىرى لەقەمگە ئايلىنىدىغان، يەنە بەزى لەقەملەر يەر ـ جاي ناملىرىغا ئايلىنىدىغان ئەھۋال ئۇزاقتىن بۇيان داۋام قىلىپ كەلگەن. مەسىلەن: پىچان ناھىيە دالانكارىز يېزىسىدىكى قۇلاق كارىز مەھەللىسىنىڭ نامى بۇ كارىزنى چاپتۇرۇپ، بۇ جايدا مەھەللە بەرپا قىلغان زايىت قۇلاقنىڭ لەقىمى بىلەن؛ قومۇل شەھىرىدىكى قايناق سۇ تۈرنىڭ نامى روزىمەت قايناق سۇنىڭ نامى بىلەن؛ پەيزىۋات ناھىيەسى جانباز يېزىسىنىڭ نامى بۇ جايدا ياشىغان توختى جانباز دېگەن كىشىنىڭ لەقىمى بىلەن؛ پەيزىۋات ناھىيەسى غولتوغراق يېزىسىدىكى قاغا مەھەللىسىنىڭ نامى بۇ يەرگە تۇنجى كېلىپ ئولتۇراقلاشقان «ساۋۇت قاغا» دېگەن كىشىنىڭ لەقىمى بىلەن؛ يەكەن ناھىيە تاغارچى يېزىسىنىڭ نامى بۇ يەردىكى ئۇستا ھۈنەرۋەن شاھ قاسىم تاغارچىنىڭ لەقىمى بىلەن؛ خوتەن ناھىيە باغچى بازىرىدىكى ئەللامە كەنتىنىڭ نامى ئەللامە ئالائىددىن خوتەنىينىڭ ھۆرمەت لەقىمى بىلەن ئاتالغىنىغا ئوخشاش.

شىنجاڭدا يەنە تورغايلار مەھەللىسى، خورازلار مەھەللىسى، قوچقارلار مەھەللىسى، ئۆۋكى كارىزى مەھەللىسى، قودايلار مەھەللىسى، ئاخۇن مەھەللىسى، خاتىپ مەھەللىسى، قازاق

مەھەللىسى، قامغاق تۇقوي، جانتۇقوي، قارلىغاچ تۇقوي، ئەكەچ تېرىم، جاندا تېرىم، پاك مەھەللىسى، قونچاق مەھەللىسى، گەيجاك مەھەللىسى، ئىمام مەھەللىسى، دولان مەھەللىسى، كۆنچى مەھەللىسى قاتارلىق لەقەم بىلەن ياسالغان يەر - جاي ناملىرى بار.

شىنجاڭدا كىشى لەقىمى بىلەن ياسالغان يەر - جاي ناملىرى كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇنداق بولۇشىدا، بىرىنچىدىن، يۇرت - مەھەللىلەردە بىر جەمەت كىشىلىرى توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئەھۋال خېلى گەۋدىلىك. شۇڭا بۇ مەھەللىلەرنىڭ نامىمۇ ئاشۇ جەمەت كىشىلىرىنىڭ لەقىمى بىلەن ئاتىلىپ، تەدرىجىي يەر نامىغا ئايلانغان؛ ئىككىنچىدىن، يۇرت ئىچىدە يۈز - ئابرۇيى بار كىشىلەر شۇ مەھەللىنىڭ پەخرىگە ئايلانغاچقا، بۇ كىشىنىڭ ھۆرمەت لەقىمى تەدرىجىي يەر نامىغا ئايلانغان؛ ئۈچىنچىدىن، تۇرپان، قومۇللاردىكى كارىز ناملىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئاشۇ كارىزنى چاپتۇرغۇچىنىڭ لەقىمى بىلەن ئاتالغان.

دېمەك، لەقەم بىلەن ئاتالغان يەر - جاي ناملىرى شۇ لەقەملىك كىشى ياكى جەمەتنىڭ يۇرت - مەھەللە بەرپا قىلىش تارىخىنىڭ دەلىلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

# تۆتىنچى باب
# ئەجدادلىرىمىزدىن بىزگە يېتىپ كەلگىنى ــ لەقەم

## «تامىسىز مۇزېيى»دا ساقلانغان يېزىقسىز «ئابىدە»لەر

«تونۇش بولمىغان ئىككى ئادەم كۆرۈشكەندە ئالدى بىلەن سالاملىشىدۇ، كېيىن قايسى قەبىلىدىن؟... دەپ سورايدۇ، جاۋاب بەرگۈچى (سالغۇر قەبىلىسىدىن...) دەيدۇ ياكى كىتابىنىڭ بېشىدا بايان قىلىنغان قەبىلە نامىنىڭ بىرىنى ئېيتىدۇ، بۇ قەبىلە نامىلىرى ئۇلارنىڭ بوۋىلىرىنىڭ ئىسىملىرىدۇر...»

ــ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تىن

«لەقەمسىز ئەر بولماس»

ــ خەلق ماقالى

دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆلەت ۋە رايونلاردا ھەشەمەتلىك مۇزېيلار بار. ئۇلارنىڭ ئىچىدە شۇ دۆلەت (ياكى مىللەت)كە تەۋە كىلاسسىك كىتاب، قول يازما، رەسىملەر، ئەتىۋارلىق تارىخىي بۇيۇملار، قورال ـ سايمانلار، مۇھىم تارىخىي يادنامىلەر ساقلىنىدۇ.

مۇزېيدىكى مەنىۋى مەدەنىيەت، ماددىي مەدەنىيەتكە، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەتكە تەئەللۇق بۇيۇملار ئالىم، تەتقىقاتچى، ساياھەتچىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. مۇزېيلارنىڭ ئۆزگىچە قۇرۇلۇش ئۇسلۇبى ئۆتكۈنچىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. ئۇنىڭ

ئىچىدىكى بىباھا گۆھەرلەر تارىخ ئىلمىگە قىزىققۇچىلارنىڭ كۆزلىرىنى چاقنىتىپ تەپەككۇر قورغانلىرىنىڭ قۇلۇپلىرىنى ئېچىشقا دالالەت قىلىدۇ. ئېكسكۇرسىيە قىلغۇچىلارنىڭ مۇزېيدىن ئايرىلغۇسى كەلمەي، ئۆتۈپ كەتكەن تارىخىي دەۋرلەرنىڭ گۇۋاھ ـ شاھىتلىرى بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشكۈسى كېلىدۇ.

تۇرپان دىيارىدا (باشقا جايلاردىمۇ بار ئەلۋەتتە) ھەشەمەتلىك مۇزېيدىن باشقا تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ قەدىمكى ئېتىنىك مەنبەسىنى، ئۇيغۇرلار تەركىبىگە قوشۇلۇپ كەتكەن ئېتنىك تەركىبلەرنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان يېزىقسىز، شەكىلسىز مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، ئابىدىلەر كۆپ. بۇ ئابىدىلەر تۇرپان دىيارىدىكى خەلقتىن ئىبارەت «تامسىز مۇزېي»دا خەلق ئېغىز تىل فولكلورى شەكلىدە ساقلىنىپ كەلمەكتە. ئۇ بولسىمۇ مەنىسى چوڭقۇر، ئۇزاق تارىخىي دەۋردىن گۇۋاھ بېرىپ تۇرغۇچى لەقەملەردۇر. بۇنى بىر بايلىق سۈپىتىدە قېزىپ تەكشۈرۈش ـ تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ. «گۆھەر ياتىدۇ سايدا، تونۇمىساڭ نېمە پايدا» دېگەندەك، بۇ لەقەملەرنىڭ بىر قىسمى سەل غەلىتىرەك ئاڭلانسىمۇ، ئۇنىڭ كۆپ قىسمى ئەجدادلار قوللانغان فامىلە (تەگئات) مىز ئىدى. «تارىخىي پاكىتلار بىلىش ئۇيۇقسىمىزنىڭ سىرتىدا قالغاندا ئېچىلىشقا تېگىشلىك ھەقىقەتنىڭ ئاچقۇچى بولالماي قالىدۇ» (ئابدۇقادىر جالالىدىن). بۇ پاكىتلارنى توپلاش، يېشىپ كۆرۈش بىزنىڭ نىشانىمىز.

ئۇيغۇرلاردا قەدىمدىلا فامىلە (قەشقەر پېداگوگىكا تىل فاـ كۇلتېتىنىڭ لېكتورى يۇسۇپ ئىگەمبەردىنىڭ سۆزى بويىچە تەگئات) مىز بار ئىدى. قاراخانىيلار سۇلالىسى يىمىرىلگەندىن كېيىن، بىزدە ئاتا مىراس لەقەملىرىمىز فامىلە رولىنى ئاتقۇـ رۇپ، تاكى كۈنىمىزگىچە يېتىپ كەلدى. 1930 ـ يىللاردىن كېـ يىن رۇسچە ئۇسلۇبتىكى «ۋوف، ۋو، ۋا» نى قوشۇپ، بەزىلەر ئاتا

ئىسمى ئاخىرىغا «– ى، – يى» نى قوشۇپ فامىلە قىلدى. بۇنداق فامىلە شەكىللىرى پەقەت شۇ كىشىنىڭ ئۆزىگىلا سىڭدى، ئەۋلادلىرىغا ئۆزلەشمىدى. خەلق ئارىسىغا ئومۇملاشتۇرۇشتىن سۆز ئېچىش ئەسلا مۇمكىن بولمىدى. بۇ خىل فامىلە شەكىللىرىدە ئۆزىمىزگە خاس خىمىرتۇرۇچ بولمىغانلىقى ئۈچۈن، «ئىمپورت» قىلىنغان مەدەنىيەت ئەندىزىسى بويىنىنى قىسىپ يېتىمسىراپ قالدى. خەلق ئارىسىدا يەنىلا قەدىمكى ئېتىنىڭ نامىلار ھازىر بىز دەۋاتقان فامىلىنىڭ رولىنى ئويناۋەردى.

چەت ئەللىك ئېكسپېدىتسىيەچىلەر تۇرپاندىن نۇرغۇن قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئېلىپ كەتكىنى بىلەن، خەلق ئېغىز تىل فولكلورىنى ئېلىپ كېتەلمىدى. بۇ فولكلور ئامىللىرى «تامسىز مۇزېي»دا شەكىلسىز ئابىدە قاتارىدا ساقلانماقتا. بىز ئەنە شۇ ئابىدىنى ئېلىمىزنىڭ تارىخنامىلىرى، چەت ئەللەردە ساقلىنىۋاتقان مۇھىم مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئاساسىدا يېزىلغان ئىلمىي ئەمگەك، تۇوم – تۇوم كىتابلاردا خاتىرىلەنگەن قەدىمكى قەبىلە – ئۇرۇق ناملىرىغا سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق بىلەلەيمىز.

«بىز ئاتا – بوۋىلىرىمىز بېسىپ ئۆتكەن ئۇزاق ئۆتمۈشكە نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇلار قوللانغان جەمەت ۋە ئۇرۇق ناملىرىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئۇلارنىڭ ھەرقايسى قەبىلىلىرىنىڭ توتېم ناملىرى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلماي تۇرالمايمىز. قەدىمدە دىڭلىڭلار، قاڭقىللار، تۇرالار دېگەن ناملاردا ئاتالغان ئەجدادلىرىمىز كۆچلۈك قەبىلە ئىتتىپاقى تەشكىل قىلغان بولۇپ، تاكى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى ھونلار دەۋرىدىن كۆكتۈركلەر سەلتەنىتىگىچە چۆللۈكنىڭ شىمالى، بايقال كۆلى ئەتراپى، تەڭرىتاغ رايونلىرىدا ياشاپ، ئۆزلىرىنىڭ تارىخىي ئىزلىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەن. ئۇلار ئىپتىدائىي ئۇرۇقداشلىق

مۇناسىۋىتى ئاساسىدا جەمئىيەت تەشكىل قىلغان ۋە تۇرلۇك قەبىلىلەرنى شەكىللەندۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇق ئاساسىنى تىكلىگەن بولغاچقا، ھەرقايسى قەبىلە ۋە ئۇرۇق ئەزالىرىغا نىسبەتەن ئۆزلىرى تەۋە بولغان ئۇرۇق ۋە قەبىلە شۇنچىلىك مۇھىم رول ئوينايتتى. شۇڭا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىسمىدىنمۇ كۆرە ئۇرۇق ـ قەبىلىلىرىنىڭ توتېملىرىنى ئۆزلىرىگە بەلگە قىلاتتى»[1]. مەھمۇد كاشغەريي «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا: «تونۇش بولمىغان ئىككى ئادەم ئۇچراشقاندا (كۆرۈشكەندە) ئالدى بىلەن سالاملىشىدۇ. كېيىن قايسى قەبىلىدىن؟ دەپ سورايدۇ. جاۋاب بەرگۈچى... (سالغۇر قەبىلىسىدىن) دەيدۇ ياكى كىتابنىڭ بېشىدا بايان قىلىنغان قەبىلە ناملىرىدىن بىرىنى ئېيتىدۇ. بۇ قەبىلە ناملىرى ئۇلارنىڭ بوۋىلىرىنىڭ ئىسىملىرىدۇر... ئاندىن ئۇلار سۆزلىشىشكە باشلايدۇ ياكى ئۆز يوللىرىغا راۋان بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ بىر ـ بىرىنىڭ قەبىلىسىنى بىلىشىدۇ»[2] دەپ يازغان ئىدى. بۇ ئۇچۇرنىڭ ھازىرقى ۋارىيانتى بارمۇ؟ بار. ئىككى كىشى ئۇچراشسا ئىسمىنى دېگەن بىلەن قانائەت قىلىنمايدۇ. جەمەت نامىنى سورايدۇ. بايان ياكى پوپورلاردىن دەيدۇ. ئىككى كىشى ئۈچىنچى شەخس توغرىسىدا سۆزلەشكەندە ئىسم ـ شەرىپى ئاتالغاندىن كېيىن قايسى XXX دەپ سورايدۇ. تاتارلاردىن ياكى ياچى، ساقىلاردىن دەيدۇ.

خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردىن «ئۈچ پادىشاھلىق تەزكىرىسى»، «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، «سۇينامە»، «كونا تاڭنامە»، «يېڭى تاڭنامە» قاتارلىقلاردا بىزنىڭ بىۋاستە ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ھېسابلانغان دىڭلىڭلار، قاڭقىللار ۋە تۇرالار ھەققىدە نۇرغۇن مەلۇماتلار بېرىلگەن، شۇنداقلا شۇ دەۋرلەردىكى چوڭ ـ كىچىك

[1] ۋەلى كېرىم كۆكئالىپ: «ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى خەزىنىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2012 ـ يىلى نەشرى 36 ـ بەت.
[2] مەھمۇد كاشغەريي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 2 ـ توم 192 ـ بەت.

تارىخىي ۋەقەلەرگە مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن كىشى ئىسىملىرى تىلغا ئېلىنغان. بۇلار كونا خەنزۇچە خەتتە يېزىلغانلىقى سەۋەب-لىك، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنى ئەسلىي تەلەپپۇزىغا قايتۇرۇش مۇمكىن بولمىغان بولسىمۇ، ئەمما يەنە ئەسلىي تەلەپپۇزىغا سا-دىق هالدا خاتىرىلەنگەن بىرمۇنچە كىشى ئىسىملىرىمۇ ئۇچراي-دۇ. قۇغۇرسۇ ئالتۇن، ئىلبەگ، بەگچى، چابىش، ئىلتىبكىن، تارلان، بايان، ئېركىن قاتارلىق ئۇرۇق نامى ۋە ئادەم ئىسىملىرى شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئەگەر كونا خەنزۇچە هۆججەتلەردە خا-تىرىلەنگەن كىشى ئىسىملىرىنىڭ ھەممىسىنى ئەسلىگە قايتۇ-رۇش مۇمكىن بولغان بولسىدى، بىز ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ ئەنە شۇ چاغدىكى ئىسىم قويۇش ئادىتىدىن تولۇق خەۋەردار بولغان بولاتتۇق.

«جەمەت لەقەملىرى — ئاتا - بوۋىلىرىمىز كۆچمەنچىلىك ئىگىلىكىدىن مۇقىم ئولتۇراق ھاياتقا كۆچكەندىن كېيىن بار-لىققا كەلگەن ئىجتىمائىي مۇھىت شارائىتىدا تەدرىجىي شەكىل-لەنگەن. ئولتۇراق ھاياتتا كىشىلەر ئادەتتە يۇرت - مەھەللىلەرگە توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقانلىقى، كىشىلىك مۇناسىۋەتلەر ئادەتتىن تاشقىرى قويۇقلاشقانلىقى، قائىدە - يوسۇن، ئۆرپ - ئادەتلەر كۆپەيگەنلىكى، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش كۈچەيگەنلىكى ۋە سودا - سېتىق ئىشلىرى راۋاجلىنىپ، بازار قايناپ كەتكەنلىكى بولغاچقا، كى-شىلەر ئارىسىدا ئوخشاش ئىسىملىكلەرمۇ كۆپىيىشكە باشلايدۇ. كىشىلەر تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەر جەريانىدا ئوخشاش ئىسىملىكلەر-نى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرۈش ئېھتىياجىدىن بەزى لەقەملەر-نى بارلىققا كەلتۈرىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا، بىر كىشىنىڭ قىلىۋاتـ-قان كەسپى، تەن ئالاھىدىلىكى، خۇلق - مىجەزى، ئىش بېجىرى-شى، ئەمەل - مەنسىپى، ئاتاق - ئابرويىمۇ بىرمۇنچە لەقەملەرنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن. يىللارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ لەقەملەر كىشىلەر تۇرمۇشىغا چوڭقۇر سىڭىپ، ئاتاش - چاقىرىش، ئادەم-

لەرنى ناملاشتىكى ئالاھىدە بىر خىل ھادىسىگە ئايلانغان. ئۇيـ.
غۇرلاردىكى ھازىرقى لەقەم ھادىسىسىنى ئىنچىكىلەپ كۆزىتىد.
غان بولساق، ئۇنىڭدا توتېم ئىمزالىرىنىمۇ، ئېتنىك تەركىب
ناملىرىنىمۇ، ھۈنەر ـ كەسىپ ئاتالغۇلىرىنىمۇ، بەدەن ئالاھىد.
لىكلەرنىمۇ، كىشىلىك خاراكتېرگە مۇناسىۋەتلىك سۆزلەرنىمۇ
تاپالايمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاددىي خەلقنىڭ لەقەملىرى بىلەن ئا.
تاق ـ ئابرۇيى بار، ئىگىلىكى راۋاجلانغان، ھۆرمەتكە سازاۋەر
كىشىلەرنىڭ لەقەملىرى ئوتتۇرىسىدا پەرق زور. ئاددىي كىشى.
لەرنىڭ لەقەملىرى ئاساسەن ھۈنەر ـ كەسىپ ئاتالغۇلىرى بىلەن
بەدەن ئالاھىدىلىكلەرنى ئاساس قىلغان لەقەملەر بولسا، جەمئى.
يەتتىكى ئورنى يۇقىرى كىشىلەرنىڭ لەقەملىرى كۆپىنچە ئەمەل ـ
مەنسەپ، ئۇنۋان ۋە مەلۇم ئەتىۋارلىق كەسىپكە مۇناسىۋەتلىك
بولىدۇ. ئاددىي كىشىلەرنىڭ لەقەملىرىنىڭ كۆپىنچىسىدە كەم.
سىتىش، ھاقارەت قىلىش تۈسى قويۇق بولسا، مەرتىۋىلىك كى.
شىلەرنىڭ لەقەملىرىدە بۇنداق تەركىب ناھايىتى ئاز ياكى يوق
بولىدۇ. قىسقىسى، ئۇيغۇرلاردىكى لەقەملەر بىزنىڭ فامىلە قول.
لىنىشىمىزدا پايدىلىنىشقا تېگىشلىك بىباھا بايلىق بولۇپ،
مۇۋاپىق ئۆلچەمدە پايدىلانساق تامامەن بولىدۇ.»①

ھازىر تۇرپان رايونىنى ئاساس قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ياشاۋاتقان خەلق ئارىسىدا ساقلىنىپ لېكسىكا ئىستېمالىدا قوللىنىۋاتقان لەقەملەر نەچچە مىڭدىن ئاشىدۇ. «تامىسىز مۆزېي» دا ساقلانغان ئابىدىلەر بىلەن تارىخىي مەنبەلەرنى سېلىشتۇرۇپ كۆرگەن ۋاقىتتا ئوقۇرمەننىڭ ئۆز نەسەب يىلتىزىنى سۈرۈشتۈرۈپ، يوقىتىپ قويغان ئابىدىسىنى ئىزدىگۈسى كېلىدۇ دەپ ئويلايمەن.

---

① ۋەلى كېرىم كۆكئالىپ: «ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى خەزىنىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2012 ـ يىلى نەشرى 38 ـ بەت.

# يۇرتىمىزدىكى بەزى لەقەملەرنىڭ جەملىمىسى

بۇ لۇغەتچىگە قومۇلدىن قەشقەرگىچە، ئىلىدىن خوتەنگىچە بولغان ھەرقايسى قەدىمىي يۇرتلاردىن ۋاستىلىك ۋە بىۋاستە توپلىغان 1000 دىن ئارتۇق لەقەم جەملەندى. بۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى خەلقىمىز ئارىسىدا فامىلە رولىنى ئۆتەپ كېلىۋاتقان ئاتا مىراس لەقەملەردۇر.

## ئا

ئابدال
ئابداللار
ئات
ئاتقۇچى
ئاخۇنلار
ئاخۇنلۇق
ئارىدا يوق
ئاسقال
ئاق
ئاقباش
ئاق تاتار
ئاق چېغىل
ئاقساقال
ئاققاش
ئالتى باسا
ئامىر
ئاۋار
ئاۋغان
ئاۋكى
ئايتۇرۇك

## ئە

ئەچكە (ئۆچكە)
ئەخلەت
ئەزىمەت
ئەشيا
ئەكە
ئەلەم
ئەلگەك
ئەنشى
ئەنجان
ئەينالە (ئەينۇلا)
ئەينو

## ب

بارتو
باچكا
باخشى
باش
بارمان
باغجان
باقراق
باققال
بالا
بالچۇق
بايتال
بايات
بايان
بەرەم
بەشباي
بەشبۇلۇك
بەگ
بەيتۇ
بودا
بودەك
بور – بور
بوستاڭ
بوشاڭ
بولاقچى
بولماق
بوياقلار
بويناق
بۇچى (رەختچى)
بۇرۇت
بۇغىناقلار (بۇغۇلغانلار)
بۇقۇش (بۇغقۇش)
بۆچچى
بۆرەك
بۆرىلەر
بۆزچى
بۆكچى
بۆكسە
بۆكەن
بىخىللار
بىشەم

## پ

پاتاڭ
پاجالار
پاتچى (پادىچى)
پاچاق
پاختەك
پاخلان (پاقلان)

پارپا
پاسار (پاسا)
پاشا
پاكار
پاڭلار
پاڭقاي
پاقا
پاكاچ
پالكۆز
پالگانلار (پالۋانلار)
پالۋان
پاناھلار
پاۋان (پالۋان)
پايپاقلار
پەتلەش
پەرەش
پەرت (چاققان)
پەرمان
پەششاپلار (پاششاپ)
پەغەز
پەلتۇ
پەلتۇر
پەللەك (كاسا)
پودەگى(پودەگە)
پورلار
پوستەك
پوسۇر
پوككوك
پوزنەك
پوقان
پوم
پۇپۇر
پۇچاقچى (بۇرچاقچى)
پۇلداڭ
پۇناق
پۇتۇك (خەت)
پۇرۇك
پۇرۇم
پۇشكەل (پوشكال)
پېتەك
پېتمي(پېتىر)
پىت
پىخ (پىخلداش)
پىرخان (پىرخۇن)
پىرلىق
پىلتە (ئېشلگەن پىلتە)

ت

تاراڭكا (زىل، كولدۇرما)
تاركال (قوڭغۇراق ئاۋازى)
تارانچى
تاز

تاش
تاشتەك
تاشچى
تاش مايغاق (مايماق)
تاغ
تاغار
تاغارچى
تاغاق (تارغاق)
تاغان
تاقراق
تاماق
تامچى
تاناپ
تاۋاق
تاۋرغان
تايلاق
تەخە (تەخەي)
تەرلىگەكلەر
تەشمە
تەكلەك
تەلپەك (تۇماق)
توپاق
توخۇ
تورپاقلار
توشقان
توغاچ
توغراق

توغى (توغچى)
توقاي
توقماق
توقۇملار
توكا (توكۇر)
توڭ
تۇزچىلار
تۇش
تۇخىناق (توقىناق)
تۇغاي
تۇڭكاي
تۇرۇز (تارازا)
تۇزاقچى
تۇزلۇق
تۇقام
تۇماق
تۇلۇم
تۇڭگان
تۇمۇچۇق
تۇقاي
تۇڭچى
تۆتسەر
تۆتكۆز
تۆگە
تۆكۇرلەر
تۆلەك
تۆمۇر

تۆمۈرچىلەر
تۇتۇر (تەتۇر)
تۇرمەك
تۇرمەل
تۇگەن
تۇگمەنچى
تۇلكە
تۇلكىلەر
تۇنگۇس
تېرىقچى
تېقى
تېكە
تىكراك
تىكىن
تىللا
تىيىش(كاج)
تىيماق (تىرماق)

ج

جاپا
جادا (چەيدۇ)
جاساك
جاغال
جاقا
جاققاك
جاندار
جاھىل
جەردە
جەدى (قىزغۇچ)
جەگەن
جەنەس
جەندىي (جەندە)
جەڭگى
جەۋەن
جوبا
جوتاك
جوداق
جورەن
جوي
جۇڭغار
جۇۋچى
جۆن
جۇجەك
جۇمەك
جىدەل
جىرغال
جىگىتەك
جىن

چ

چابدا

چاپاق
چاتاق
چار
چارا
چارقالپاق
چارۋىچى
چارۋا
چارىچى
چاشقان
چاغان
چاق
چاقچۇق
چاققان
چاكسا
چاكۇ
چالا
چاڭموزا
چاڭتى
چاڭكى (ئۇۋا)
چاۋار
چاۋۇك
چاي
چايان
چايخالتىلار
چەپەن
چەت (ياقا)
چەرە

چەكمەن
چەمپەل
چەڭخو
چەڭكى
چەمەك
چوپاقلار
چوت
چورۇق
چوقا
چوقال
چوكا
چوكان
چوڭباش
چوڭكۆز
چوناق (چولاق)
چۇخچى
چۇماق
چۇمۇللار
چۆچەك
چۆگىمەك (يۆگىمەك)
چۇجە
چۇمەن (چىمەن)
چۇيۇنچى
چېكىت
چېگە (چېۋە)
چېۋىش
چىپار

چىچقاق
چىدان (قىتان)
چىرىق
چىغان
چىغچىغ
چىقىش
چىلان
چىلەك
چىلتەن
چىكە
چىڭگىلەك (چىڭگىلىك)
چىۋىلەر

خ

خاپان (ساندۇق)
خارەت (ياغاچچى)
خالتا
خالۋاپ (تاغار)
خامار
خاڭدۇ
خەشەك
خەلپە
خەلپەم
خەينەك
خوراز
خوك
خۇبو
خۇدۇ
خۇلار
خۇندان (خۇمدان)
خىتىپلار (خاتىپلار)
خىدىڭ
خىخى
خىزىلار
خىش

د

داتۇلار ( بېشى چوڭلار)
داخان
داراپ
داراڭ
داري (دارى)
دازا (دازى)
داككاڭ
داڭ
داڭزا
داڭگال
داموزا
دەردىم
دەرۋاڭ

دەمدەر
دەنگەن
دوتەي
دوردۆڭ
دورلەڭ
دوغلار
دوڭغاق
دوم (دۇم)
دوك
دوكلار
دولانلار
دومبۇل
دۇتار
دۇكان
دۇمباق
دۇنخۇاڭلار
دۆ
دۆگزات
دۆڭ
دۆڭگە
دىرداخ
دىڭقاش

ر

روڭ
رىزالار

ز

زاخچە (زاقچى)
زاراڭزا باشلار (چىچى يىرىك)
زاغۇن
زەڭگىلەر (جەڭگىلەر)
زەمبوك
زەي
زور
زۆڭ

س

ساپا
ساتىراچلار
سار
سارت
سازاڭ
ساغرو
ساقاللار
ساقى
سالجى
سالچى
سالپاڭ

سالتاڭ
ساڭ (ئامبار)
ساڭيىاڭ
سايپاق (قالايماقان)
سايدۆڭ
سەتەڭ
سەكە
سەيپۇڭ (تىكمچى)
شەكە
سوپۇن
سوپى
سوپىياڭ
سوغا
سويما
سۇغا (كۇپ، ئمدىش)
سۇقا
سۇڭداي
سۇندۇك
سۇۋاغ
سۇۋاقچى
سۇۋان
سۆرەم
سۆكچىلەر
سۆڭەك
سۆڭگۈچ
سۇپۇرگە ساقال
سۇزۇم قاش

سۇپۇرگە
سىرىق
سىمىز
سىرچى
سىكلەك
سىنەم (سەنەم)

## ش

شاپاق
شاپتۇل
شاداگا
شارەك
شاش
شاخا
شاخاڭ
شاكال
شالا
شالتاق
شالۋاق
شاڭ
شاڭيۇلار
شاما
شامالار
شامباڭ
شانا
شا (شاھ)

شايىت (شاھىت)
شەپەرەڭ
شەيتان
شەيتانلار
شىق (شەيىخ)
شور
شورلار
شوكور
شويلا
شۈك
شىپاڭ
شىر
شىرنە
شىكىراڭ
شىلىلار
شىڭ
شىھىت

غ

غاز
غازى
غەلۋە
غەزەل
غەلۋىي(غەلۋىر)
غولا
غۇس (سانجىش)
غۇنان
غىجەكلەر
غىدىڭ

ق

قاپ
قاپاش
قاپاق
قاتاڭ
قاتلاش
قاچا (قايچا)
قارا
قارا باش
قارا پۆلۈگ
قارا قوشۇن
قاراقاش
قاراقىي (قارا قىز)
قاراۋو (قاغۇ)
قارغۇ
قارگۈل
قارلۇقلار
قارىقاش
قارياغدىلار
قازا
قازان
قازاق

قازى
قاسساپلار
قاسقان
قاششاقلار
قاشاڭ
قاشقان
قاغا
قاق
قاقشال
قاڭ (چىگدىغوچ)
قاڭلى
قالتاق
قالغاچ (قارلىغاچ)
قالماق
قالۇچى
قالۇن
قامغاق
قان
قانچوق
قاۋاق
قاۋا
قاۋان
قايناقسۇلار
قەغەزلەر
قەقە
قەلەم (كۆچەت قەلەمچىسى)
قەلەندەرلەر

قوتاز
قوتۇرماچ
قوچقارلار
قورما
قوغاچ
قوغۇن
قوڭقۇرۇق
قوناق
قونچاق
قوياڭ
قويلار
قۇتلۇق
قوتۇر
قوتۇرماچ
قۇچقاچ (قۇشقاچ)
قۇداق (قۇرساق)
قۇدۇق
قۇرغۇي
قۇرۇلچى
قۇش
قۇشۇق (قوشۇق)
قۇلاق
قۇلان
قۇمسى
قۇلىقى يوقلار
قۇمچاق
قۇڭغاز (قوڭغۇز)

قۇملار
قۇيقا
قۇيماق (پوشكال)
قىچىر
قىزىل
قىزىل پۇتىلار
قىسىرىق
قىسىق
قىشباش
قىڭغىر
قىيامەتلەر

ك

كا (كاھ)
كاتاڭ
كاتتىلار
كاتىپ
كاجى (رەخت ئىسمى)
كاسا
كاساڭ
كاشاڭ
كاك
كاكچا
كالا
كالاڭ
كالەك
كالتەك

كالدىي (كالدىر)
كاللەك
كالى (تۆگمەنىنىڭ)
كالىۋاش
كامار
كاناپ (بىر خىل رەخت
كاناي
كانچى
كاۋا
كاۋاپ
كاۋاڭ
كەتمەن
كەرچى
كەسلەنچۈك
كەشتە
كەشكۈن
كەكە
كەلپە
كەلتەك (كالتەك)
كەمشۈك
كەنجە (كەنجى)
كوراك (كۆرەك)
كوسو (كوسا)
كوكور
كولدۇر
كوڭتەي
كوڭكا (ماشىنا)

كوڭلىگەك
كۇرۇك (كۇرۇك)
كۇسا
كۇشۇك
كۇلا
كۇلار
كۇملەك
كۆتەن (ئىسىم قويۇش مۇراسىمى)
كۆتىگە
كۆرۈك
كۆرۈڭ
كۆسۆلەر
كۆكچى
كۆشكۈن
كۆگە
كۆمە (كۆمۈر)
كۆنچى
كۇسۇتكە
كۇمەچ (كۆمەچ)
كۇلتۇك
كېپىشلەر
كېۋەز
كىپەك
كىرپە
كىكەچ
كىگىزچى
كىلەر
كىمەن

گ

گاراڭ
گاس
گاگا
گەدەن
گەرەن (گۇرەن)
گەز
گوپ
گوش (گۆش)
گوكۆز (گۆركۆز)
گۇلا (گۇلە)
گۇدۇڭ
گۆدەگە
گۆۋەن (هارۋا تىرىكى)
گۇسەن
گۇلدۇر
گىيداڭ (غىدىڭ)

ل

لاپپاق
لاپ

لاتا
لاچىن
لاكۇ
لاي باش
لەپپەك
لەڭكو
لەمپىلەر
لەۋى
لوپلار
لوخەن (قىرى)
لورت
لوك (لوق)
لىگا

م

ماتال
ماتاڭ
ماخى
مادار
ماش
ماشكۆز
ماكا
مانتا
مانجۇ
ماڭقا
مايماق
مايمۇن
مەخەسلەر
مەس
مەشەت
مەيدان
مەيساڭ
موزو (موزاي)
موكلوك
مونجاق (مونچاق)
مۇجاڭ
مۇزاي (موزاي)
مۇزدەكلەر
مۇلغۇي (شىلىم)
مۇدۇك
مۇغا (بىرخىل مايمۇن)
مۆرىمەس
مۇشۇك
مىتە
مىدىرمان
مىرزا
مىزە
مىسكەر
مىسكىن
مىس ـ مىسلار
مىش
مىكىن
مىغدىق

مىغرىق
مىمان (مېھمان)

ن

نار
ناغرىچى
نان يېمەس
ناۋاي
ناۋات
ايناق
نايىپ (نائىپ)
نەرە
نەزەرلەر
نەشتەر
نەققاش
نوچى
نوكچى
نوگاي

ھ

ھاپىز
ھارۋا
ھاسا
ھاساچى
ھال
ھالال
ھالۋا
ھەتتەم
ھۆپەپ (ھۆپۈپ)

ئو، ئۇ، ئۆ ئۈ

ئوغرىق
ئۇلتاڭ
ئۇزۇنلار
ئۆچكە
ئۆردەك
ئۆتۈكلەر
ئۆندە (ئالدىراش)
ئۈتەك (ئۆتۈك)

ۋ

ۋاجاڭ
ۋاخان
ۋۇجاڭ

ئى ئې

ئېشەك
ئىت
ئىتقۇلاقلار
ئىچمەك

## ي

ياچى
ياپپال
ياپلاق
ياشچى
ياشمان
ياغ
ياغاچ كەشلەر
ياغپۇرۇك
ياغلىق
ياغىچاق
ياڭپەن
ياماق
يان ساقال
ياۋاش

يەكتا
يودو
يوكلوڭ
يوغا (يورغا)
يولۋاس
(ياۋاش)
يۇلۇڭ
يۇڭباش
يۇڭ پايپاقلار
يۇنەن
ياۋاش
يۇدۇك
يىپەكچى
يىدىغ
يىك
يىلان
يىگنە (يىڭنە)

## بەشنچى باب
## بەزى قەدىمكى لەقەملەر توغرىسىدا قىسقىچە تەلقىن

خەلقىمىز ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىياتىدا قەبىلە ـ ئۇرۇقداشلىقتىن تارتىپ شەھەر ـ يېزىلاردا مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ تۇرمۇش كەچۈرۈشكىچە بولغان جەريانلارنى بېشىدىن كەچۈرگەن، بوستانلىقلاردا تەبىئىي يۇرتلارنى بىرلىك قىلىپ ياشاشقا ئۆتكەن بولسىمۇ، قەدىمكى ئۇرۇق ـ قەبىلە ناملىرى ئۇلارنىڭ جەمەت لەقەملىرى سۈپىتىدە ساقلىنىپ قالغان. مەن ئۆزۈمنىڭ ئىزدىنىشلىرىم ئاساسىدا، پىششىق بىلىدىغان بەزى لەقەملەر ھەققىدە ئۇلارنىڭ ئېتىنىكىسىنى ئېچىپ بېرىش ئۈچۈن كۆچۈمنىڭ يېتىشىچە تىرىشىپ باقتىم. بۇ ھەقتە كېيىن تېخىمۇ چوڭقۇر ئىزدىنىشلەر مەيدانغا كېلىدۇ، دەپ ئويلايمەن.

**بايانلار**

«بايان» نامىنى لەقەم قىلغان بىر جەمەت پىچان ناھىيە لەمجىن بازىرىنىڭ كونا لەمجىن كەنتىدە ئولتۇراقلاشقان. «بايان» دېگەن سۆزنى ئېتنىك جەھەتتىن كۆزەتكەندە، مۇنداق بىرنەچچە تۈرلۈك مەنىسى بار: 1) ساقلىنىپ قالىدىغان، چەكسىز؛ 2) بەخت، تەلەي؛ 3) باي ـ باياشاتلىق؛ 4) كۈچلۈك ـ قۇدرەتلىك، ئەركىن؛ 5) ئۇيغۇر قاغانلىرىنىڭ ئۇنۋانلىرىدىن بىرى. مۇشۇ مەنىلەردىن قارىغاندا، بۇ سۆز ھازىرقى تىلىمىزدىكى «باي» سۆزىنىڭ مەنە جەھەتتىن كېڭەيگەن شەكلى بولۇپ، «باي ـ باياشات، كۈچ ـ قۇدرەتلىك، بەخت ـ ئىقباللىق»

دىگەن مەنىلەرگە ئىگە.

تارىختا «بايان»ناملىق قەبىلىلەرمۇ مەۋجۇت بولغان. بايان قەبىلىسىنىڭ نامى ئەڭ بۇرۇن جەنۇبىي ـ شىمالىي سۇلالىلەر تارىخىدا ئۇچرايدۇ. ياڭ شىڭمىن «ۋېينامە.تەيزۇ ھەققىدە خاتىرە» دىن نەقىل ئېلىپ، قاڭقىللاردا ئالتە ئۇرۇق: يەنى قىزىل تۇرا، ئۇيغۇر، قوغورسۇ، چەبنى، قىرغىزلار، ئىلىنكىتلارنىڭ نامىنى، فامىلىدىن : چىپولى، تۇرا، ئىلىجان تارلان، قوغا، تار بۇقان، ئايرون، بايان، ئىركىن، بوروكلى (تۇماقلىق) فىئوي، يوشۇپى» لارنى كۆرسىتىدۇ. ۋاڭ جىلەي ئەپەندى «كىتابلار جەۋھىرى» 973 ـ جىلددىن نەقىل ئېلىپ «ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ سەردارى بايان ۋە باشقا قەبىلىلەرمۇ تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاشىناقۇلىغا جازا يۇرۇش قىلىشىغا ئەسكەر چىقىرىشىنى تەلەپ قىلغانلىقىنى» يازىدۇ. بايان ــ تۇرا قەبىلىلىرى ئىچىدىكى بىر ئۇرۇقنىڭ نامى. بۇ تۇرك خانلىقىدىكى تۇمىد قاغانىنىڭ ئەۋلادىنىڭ نامى، بايان قوۋمى ئەينى زامانلاردا خۇاڭخې دەرياسىنىڭ قولتۇقىدا، يەنى قىيپاش شىمالى (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى تەۋەلىكى)دا ياشىغان.

چۇمۇللار

سۇ بىخەي، ۋاڭ جيەنخۇا ئەپەندىلەر يازغان «قومۇل، تۇرپان ۋاڭلىرى تارىخى» دا خەلق ئارىسىدىن ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش ئارقىلىق توپلىغان لەقەملەردىن قومۇل تەۋەسىدىن 71 نى، تۇرپان تەۋەسىدىن 41نى توپلىغان. قومۇلدىن توپلىغان لەقەملەر ئارىسىدا «چۇمۇل» ناملىق بىر قەدىمىي لەقەم بار.

مەھمۇد كاشغەرىي ئۆز دىۋانىدا: «كەنچەك، قاي، ياباقۇ، تاتار، باسمىل، چۇمۇللارنىڭ تىلى ئالاھىدە بىر تىل» دەپ ئەسكەرتكەن. بۇ قەبىلىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىتنىك تەركىبىگە

كىرگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە»دە چۇمۇللار «楚磨勒» دەپ خاتىرىلەنگەن، باشقا بەزى مەنبەلەردە «处密部» دەپ يېزىلغان. تارىخىي مەنبەلەردىن قارىغاندا چۇمۇللار كۆك تۈركلەر ئىچىدىكى ئون ئوقلارنىڭ بىرى بولۇپ، كۆك تۈرك خانلىقى زاۋاللىققا يۈز تۇتقاندا، بىر گۇرۇپپا چۇمۇللار تەڭرىتاغ ئەتراپىغا كۆچۈپ كېلىپ، قاراشەھەرنىڭ غەربىدىكى بايىنبۇلاققا ماكانلاشقان. مىلادىيە 639 ـ يىلى ئاشىناقۇلى تارباغاتاي تەۋەسىدە ياشاۋاتقان چۇمۇللارغا رەھبەرلىك قىلىپ تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھامىيلىقىغا ئۆتكەن. 648 ـ يىلىغا كەلگەندە بۇ گۇرۇپپا چۇمۇللار شەرققە كۆچۈپ باشبالىق ئەتراپىغا ماكانلاشقان.

يەمەكلەر

يىچان ناھىيەسىنىڭ لۈكچۈن بازىرى، دالانكارىز يېزىسىدا «يەمەك» لەقەملىك بىر جەمەت ياشايدۇ. خەلق ئارىسىدا گاھىدا «ياماق»، گاھىدا «ياماقچى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردە «耶马克，也末，也灭克，基迈克» دەپ ئاتالغان بۇ قوۋم «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا «يەمەك» دەپ يېزىلغان. باسكاكوپ «تۈركىي تىللارنى كىلاسسىفىكاتسىيە قىلغاندا يەمەك تىلىنى ئوغۇز ـ تۈركمەن بۆلۈمىگە ئايرىپ 10 ~11 ـ ئەسىرلەردىكى ئوغۇز، ئون ئوغۇز، توققۇز ئوغۇز تىللىرىنى قەدىمكى تىللار ئائىلىسىگە، ھازىرقى تۈركمەن تىلىنى، يەنى (تەكە، يومۇق، گۆكلەن، سالۇر، سارىق، ئەرسارى، چوۋدۇر) تىللىرىنى قەدىمكى ئوغۇز تىلىنىڭ راۋاجى دەپ قارايدۇ. يۇقىرىقىلار ئەينى دەۋردىن باشلاپ جەمەت نامىنى ساقلىغان قوۋملار بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭ ئىچىدىكى «يومۇق» دەل يەمەكلەردەك تۇرىدۇ.[1]

① نەسرۇللا يولبولدى، مۇھەببەت قاسىم: «جۇڭگودىكى تۈركىي تىللار» ئۈيغۇرچە نەشرى، 43 ـ بەت.

«سۆينامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە» دە ئاق تاغدىكى ئېۋىرغول (قومۇل) نىڭ غەربى، كىنگىت (قاراشەھەر) نىڭ شىمالىدا چۆبە، بۇلاغ، ياماك، سوپۇ (سافا)، ناغ، ئوغوز، خاككاس، ئەرتىش، ئورانقايلارنىڭ چۆبە قەبىلە ئىتتىپاقىنىڭ ئەزالىرى ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا يەمەك قەبىلىسىنى تىلغا ئېلىپ «ئۇلارنىڭ ساپ تۈرك تىلىغا يېقىن سۆزلىشىدىغانلىقى» زىكرى قىلىنغان. ن.ئا.باسكاكوپ تۈركىي تىللارنى كىلاسسىفىكاتسىيە قىلغاندا يەمەك تىلىنى تۈركىي تىللارنىڭ قەدىمكى ھون تارمىقى، ئوغۇز تىلى ئىككىنچى گۇرۇپپىسىغا ئايرىيدۇ. تۈركمەن تىلى ئىچىدە يۇمىق قوۋمىنى تىلغا ئالىدۇ. يەنە خەنزۇچە مەنبەلەردە («耶马克汗国» يىماك خانلىقى) دېگەن سۆزلەر ئۇچرايدۇ. «سۆينامە» دىكى تارىخىي ئۇچۇردىن قارىغاندا ياماقلارنىڭ ئېتنىك يىلتىزى چۆبە ـ قولان ـ ھونلارغا تۇتىشىدۇ.

ھازىر مەۋجۇت بولغان «ياماق» لەقىمى بەلكىم «كىيىم ـ كېچەكنى ياماپ كىيىدىغانلار» دېگەن مەنىدە لەقەم بولۇپ سىڭىپ قالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەمما، يىراق ئۆتمۈشنى نەزەرگە ئالغىنىمىزدا، بۇ لەقەمنى يەنىلا مەھمۇد كاشغەرىي تىلغا ئالغان «يەمەك» قەبىلىسىگە باغلاش بىرقەدەر ئاقىلانىلىك ھېسابلىنىدۇ.

سارتلار

«سارت»نى لەقەم قىلغان كىشىلەر پىچان ناھىيەسىنىڭ دالانكارىز، دىغار يېزىلىرىدا سالمىقى بار جەمەتلەردىن ھېسابلىنىدۇ. شائىر دانىش ھەنىپەنىڭ يۇرتى ئاقسۇنىڭ قاراتال يېزىسى سارتلار كەنتىمۇ شۇ جەمەتنىڭ توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىشىدىن شۇنداق ئاتالغان.

مىرسۇلتان ئوسمانوف «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ لوپنور دىيالېكتى» ناملىق كىتابىنى يېزىش جەريانىدا لوپ

(لوپنۇر) لۇقلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى تەكشۈرۈپ، لوپ خەلقى ئارىسىدا قارا قوشۇن، جوداقتا، قالماقتا، قالوچى، قىرغىزلار، سارتتار (سارتلار) نىڭ بارلىقىنى ئېنىقلىغان. رۇس ئۇيغۇرشۇناسى ئا.س.كىلىياشتورنى «ساتتار» دەپ ئاتىغان بۇ قوۋم شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدىمۇ بولۇشى مۇمكىن.

ئەنۋەر بايتور، خەيرىنىسا سىدىقنىڭ «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى» ناملىق كىتابىدا كەلتۈرۈلگەن نەقىل «يېڭى تاڭنامە. سارتلار تەزكىرىسى»دىن ئېلىنغان: «كۆل بىلگە قاغان بولغان مەزگىلدە بايقال كۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى تۇۋالار، بايقال كۆلىنىڭ غەربىدىكى قورىقانلار، يەنسەي دەرياسى ۋادىسىدىكى قىرغىزلار، تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى سارتلار، تاڭغۇتلار، تۇيغۇنلار، شىرۋىلار، تاتابىلار، قىتانلارنىڭ ھەممىسى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىغا تەۋە ئىدى.»

ھازىر بەزى مۇتەخەسسىس ئالىملارنىڭ سارتلارنى سوغدىلارغا بىرلەشتۈرۈپ قارىشى شۇنى يان تەرەپتىن يورۇتۇپ بېرىدۇ. بەزى مۇتەخەسسىسلەر سارت سۆزىنى «موڭغۇلچە سۆز، مەنىسى مەنسەپدار، سودىگەر، دانىشمەن، ئەقىللىق دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ» دەيدۇ. ئەڭ يېڭى تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا، «سارت» نامى قەدىمكى ھىندى تىلىدىن كەلگەن بولۇپ، مەخسۇس سودىگەرلەر تەبىقىسىنى كۆرسىتەكەن. بەزى تەتقىقاتلاردا مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان بىر تۈركۈم تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر چۆللۈكنىڭ شىمالىدا ياشاپ، ئوتتۇرا ئىقلىمنىڭ سودىسىغا مۇھىم تەسىر كۆرسەتكەن، دېيىلىدۇ؛ يەنە بەزى تەتقىقاتلاردا «سارت»لار ئەڭ دەسلەپتە يىپەك يولى سودىسىدا مۇھىم رول ئوينىغان ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە خۇراسان تەرەپلەردىكى سوغدىلارنى كۆرسىتىدۇ، دېيىلىدۇ. ئەلىشىر نەۋايىنىڭ «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەيىن» (ئىككى تىل ھەققىدە مۇھاكىمە) ناملىق ئەسىرىدە

«سارت» دېگەن ئاتالغۇ پارسلارنى ۋە پارس ـ تاجىك تىلىدا سۆزلەشكۈچىلەرنى كۆرسەتكەن. ھازىر قازاق ـ قىرغىزلار ئۇيغۇرلار بىلەن ئۆزبېكلەرنى «سارت» دەپ ئاتايدۇ، ئادەتتە «سودىگەر، سېتىقچى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

دولانلار

دولانلار شىنجاڭنىڭ مەكىت، مارالبېشى، ئاۋات ناھىيەلىرىنى ئاساس قىلغان ھالدا يەركەن، شايار، كۇچار، بۈگۈر قاتارلىق جايلىرىدا ماكانلاشقان، مەمۇرىي رايونغا بۆلۈش تۈپەيلى چېچىلاڭغۇ ھالدا كۆرۈنىدۇ، ئەمما جۇغراپىيەلىك ئورنىدىن قارىغاندا تارىم، زەرەپشان ۋادىلىرىنى ماكان تۇتقان. دولان قەدىمكى چوڭ بىر قەبىلىنىڭ نامى، ئېتنىك نام سېھىرلىك تارىم ئويمانلىقىنى ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلغان تارىم دەرياسى ۋادىسىدا ياشاۋاتقان دولانلار ئۆزگىچە مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنى ساقلاپ دۇنياغا ئۆزىنى تونۇتماقتا.

«كونا تاڭنامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە»دە يېزىلىشىچە «ۋۇدېنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا سىر تاردۇش، چۆبە، ئۇيغۇر، تۇباس، دولان، قورىقان، بارغۇت، بايىرقۇ... قاتارلىق 15قەبىلە ياشىغان». مىلادىيە 587 ـ يىلى ئىشبارا قاغان ئۆلگەندىن كېيىن ئوغلى مۇقان تەختكە ۋارىسلىق قىلىدۇ. كېيىنكى يىلى غەربكە جازا يۈرۈش قىلغاندا مۇقان قاغانمۇ جەڭدە ئۆلۈپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئىشبارانىڭ يەنە بىر ئوغلى يارلۇق تەختكە چىقىدۇ، ئۇ ئۆزىنى دولان قاغان دەپ ئاتايدۇ . بۇنىڭدىن شۇنى قىياس قىلىشقا بولىدۇكى، ئىشبارالارنىڭ ئەجدادى ئارىسىدا تۇران (دولان) ئىسىملىك بىر كىشى ئۆتكەن بولۇشى مۇمكىن، تۈركلەرنىڭ ئۇدۇمىدا بىرنەچچە ئەۋلاد ئۆتكەندىن كېيىن ئەجدادلار ئىچىدىكى بىر شەخسنىڭ نامىنى ياكى ئۇلۇغ بوۋىلىرىنىڭ نامىنى ئۇنتۇلۇپ قالماسلىقنى كۆزدە تۇتۇپ

پەخرىي نام ياكى قەبىلە نامى قىلىندىغان ئادەت بار. چۈنكى ئەينى زاماندا تۇرا دەرياسىنىڭ ئەتراپىدا بىر كۆل بولۇپ، كۆل ساھىلىدا ماكانلاشقان قوۋملارنى باشقا قوۋملار «تۇرانلار» دەپ ئاتىغان. تۇرالار دېگەن نام شۇنىڭدىن تارقالغان. ئۇ چاغلاردا تۈركىي تىللارنىڭ ھەرقايسى شېۋىلىرى بىر - بىرىگە يېقىن بولسىمۇ، پەرقلىرىمۇ كۆرۈنەرلىك ئىدى. بولۇپمۇ سۆز بېشىدىكى «ت» بىلەن «د»نىڭ ئالمىشىشى (مەسىلەن: تاغ/داغ) كۆپ چىلىقىدىغان ئەھۋاللار ئىدى. شۇڭا، تۇران بىلەن دولاننىڭ ئېتىنىك يىلتىزداشلىقى بار دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. نەسەب تارىخى ئوبدان، نەسەبى داڭلىق شەخس بولسا بۇ نەسەبنامىنى ئەۋلادلار ئاسان تاشلاپ قويمايدۇ، پەخىرلىنىپ قوللىنىدۇ، بۇ ئىنسانلارغا ئورتاقتۇر. شۇڭا دولانلار 15 ئەسىر ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۆزلىرىنىڭ نەسەبىنى ھازىرغىچە ئۇنتۇغىنى يوق.

دولانلارنىڭ نامى ئۈستىدە ئېتمولوگىيەلىك تەتقىقاتلار خېلى ئۇزۇندىن بېرى داۋاملاشماقتا. بەزى تەتقىقاتچىلار «موگغۇل تىلىدىكى دولوخان (Dolohan)- سۆزى بىلەن باغلاپ موڭغۇللارنىڭ بىر قىسمى» دەيدۇ، ما چاڭشۇ ئەپەندى «تۈركلەر ۋە تۈرك تارىخى» دېگەن ئەسىرىدە، سىن جوڭمىيەن ئەپەندى «ئومۇمىي تۈرك تارىخى»دا ، تەيۋەنلىك ئۇيغۇرشۇناس «ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات»تا تارىخنامىلەردىكى دولانغىت (تىلەنقۇت) تىن ئىبارەت تۈركىي قەبىلىنىڭ نامى دەپ قارايدۇ.

دولان قوۋمى قۇت قەبىلىسى بىلەن بىرلىشىپ ئىتتىپاق تۈزگەن . شۇ مۇناسىۋەت بىلەن تارىخنامىلاردا دولان - قۇت، تىلەنغۇت (ھازىر دولانغىت، دولانغۇت)دەپ ئاتالغان يېڭى نام بارلىققا كەلگەن.

**شاشلار**

«شاش» لەقەملىك كىشىلەر ھازىر توقسۇن ناھىيەسىنىڭ

بىرقىسىم يېزىلىرىدا، پىچان ناھىيەسىنىڭ لۈكچۈن بازىرىدا ياشايدۇ.

«ۋېي سۇلالىسى تارىخى»دا خاتىرىلىنىشىچە شاش (چاش دەپمۇ ئېلىنىدۇ) خانلىقى بۇرۇنقى كانگىيەدە بولۇپ، پەرغانە ئويمانلىقىنىڭ شىمالىدا (ھازىرقى تاشكەنت شەھىرىنى كۆرسىتىدۇ) دېيىلگەن. خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردە بۇ ئەلنىڭ نامى مەنەن تەرجىمە قىلىنىپ (石国) دەپ ئاتالغان. ۋاڭ جىلەي ئەپەندى «شاش شەھىرىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى خانىنىڭ فامىلىسى شاش، شەھەر شۇنىڭ نامىغا قويۇلغان» دەپ يازىدۇ.

«شاش» دېگەن سۆز قەدىمكى تۈركىي تىلدا بىرنەچچە خىل مەنىنى بىلدۈرىدۇ: 1) ئۇچ، تىغ، ئۇچلۇق زىخ؛ 2) تاش؛ سىرتقى قىسىم، سىرتتا قالغان، سەھرا. ھازىرقى تىل ئىستېمالىمىزدا «شاش» دېگەن سۆز جىم تۇرالمايدىغان، ئۇركۈگەك، بويۇن بەرمەس، جانلىق، پائالىيەتچان دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

قازانلار

پىچان ناھىيەسىنىڭ دىغار، لەمجىن يېزىسىدا، تۇرپان شەھىرىنىڭ قارىغوجا، ئاستانە يېزىلىرىدا «قازان» دېگەن نامنى لەقەم قىلغان چوڭ جەمەتلەر بار. بەزىدە بۇ لەقەم «قازانچى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. پېشقەدەملىرىدىن ئىز قوغلاپ تەكشۈرگىنىمدە، ئۇلار ئەجدادلىرىنىڭ مىتال ئېرىتىش - چويۇن قۇيمىچىلىقى بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى بىلمەيدىكەن. ئەسلىي لەقەم قازان بولۇپ، ماددى بۇيۇم قازانغا ئوخشاش نام بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن لېكسىكا ئىستېمالىدا «- چى» قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ قالغان بولۇشى ئېھتىمال. كېيىن يەنە چوڭقۇرلاپ تەكشۈرگىنىمدە، تۇرپان شەھىرىنىڭ قارىغوجا، ئاستانە يېزىلىرىدا ئولتۇرۇشلۇق «قازانلار»نىڭ ئەسلىدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سەمەرقەند ئەتراپىدىكى «كاسان» دېگەن جايدىن سۈلۈك تارقىتىش ئۈچۈن

كەلگەن خوجىلارنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. «كاسان» دېگەن سۆز خەلق تىلىدا «قازان»غا ئۆزگەرگەنىكەن. باشقىلاردىن ئىگىلىشىمچە، كاسان خوجىلىرىنىڭ ئەۋلادى كورلا، ئاقسۇ تەرەپلەردىمۇ بار ئىكەن. ئۇلارمۇ ئوخشاشلا قازان، بەزىدە كاسان دېگەن جەمەت لەقىمى بىلەن ئاتىلىدىكەن.

«قازان» ئاتالغۇسى ئادەتتە جۇغراپىيەلىك تۇزۇلۇشكە ئاساسلانغاندا، قازاندەك چوڭقۇر، ئويمانلىق دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. قازان/كاسان ئاتالغۇسى يەر نامىدىن جەمەت لەقىمى بولۇپ قالغان.

قارالار

پىچان ناھىيەسىنىڭ دالانكارىز، دىغار، چىقتىم ۋە پىچان بازىرىدا «قارا» لەقەملىك خېلى چوڭ بىر جەمەت بار. سۈرۈشتۈرسەم، بۇ جەمەتتىكىلەرنىڭ مويسىپىتلىرىمۇ ئۆز لەقەم نامىنىڭ ئېتىنىڭ مەنبەسىنى بىلمەيدىكەن. «قارا» لەقەملىك كىشىلەر رايونىمىزنىڭ باشقا جايلىرىدىمۇ خېلى كۆپ، ئەلۋەتتە.

ئەجدادلىرىمىز ئۆزلىرى ياشاپ ئاۋۇغان، گۈللەندۈرگەن دەريا ـ ئېقىنلار ۋادىلىرىنى ئۇلۇغ، مۇقەددەس دەپ ئاتايتتى. تارىخنامىلەردىن مەلۇم بولۇشىچە قەدىمدە ئۇسۇرى، خېيلۇڭجياڭ، سۇڭخۇاجياڭ دەريالىرىنى شۇ جايدىكى قوۋملار قارا دەريا، قارا سۇ دەپ ئاتىغان، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى «قارا سۇ تۇتۇق مەھكىمىسى»دېگەن ناممۇ ئەنە شۇ «قارا دەريا، قارا سۇ» دېگەن نامدىن قوبۇل قىلىنغان. كېيىنكى دەۋرلەردە ئوردوس يايلاقلىرى، جەنۇبىي سىبىرىيەدىن كۆچكەن قوۋملار ئالتايدىكى ئېرتىش دەريا ۋادىلىرىغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن كونا ئادىتى بويىچە ئېرتىش دەرياسىنىمۇ «قارا دەريا» دەپ ئاتىغان. خۇنەننىڭ چاڭدى ۋىلايىتىدە ياشايدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى

يولباشچىسىنىڭ ئىسمىمۇ «قاراباشى» بولۇپ، «ئۇلۇغ يولباشچى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «قارا» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، كەڭ، ئۇلۇغ، قۇدرەتلىك، ھەيۋەتلىك دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. رايونىمىزدا جىددىي ئاقىدىغان ئېقىنلار «قاراسۇ» دەپ ئاتىلىدۇ. كۈچتۈڭگۈر، پالۋان كىشىلەر «قاراباتۇر» دېيىلىدۇ. كۈچلۈك كىشىلەر «قارا كۈچى بار» دېيىلىدۇ. كۈچلۈك بوران «قارا بوران»، كۈچلۈك يامغۇر «قارا يامغۇر» دېيىلىدۇ. تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئەنئەنىسىدە «قارا رەڭ» شىمال تەرەپكە ۋەكىللىك قىلىدۇ. تۇرپان بىلەن باشبالىقنى مەركەز قىلغان ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىنىڭ يەنە «قارا قوچۇ» دەپ ئاتىلىشى، قەشقەر، بالاساغۇننى مەركەز قىلغان ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ «قاراخانىيلار خانلىقى» دەپ ئاتىلىشى بۇ سۆزنىڭ دەلىلىدۇر. دېمەك، «قارا» لەقىمى شۇ جەمەتتىكىلەرنىڭ ئۆتكەن قارىتا قويۇلغان بولۇشى بىلەن بىر ۋاقىتتا، يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك ئېتىنىك يىلتىزغا تۇتىشىدىغان بولۇپ، بۇنى ئۆز نۆۋىتىدە نەزەردىن ساقىت قىلىۋېتىشكە ھەرگىز بولمايدۇ.

داراڭلار

«داراڭ» لەقەملىك بىرنەچچە جەمەت پىچان ناھىيەسىنىڭ دىغار يېزىسى، دالانكارىز يېزىسىنىڭ بەشتام كەنتىدە ھېلىھەم مەۋجۇت. ئۇلاردىن: «سىلەر قايسى جەمەتتىن؟» دەپ سورىسا، «بىز داراڭلاردىن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئىمىن ھاجى تۇرسۇن ئەپەندىم «شىنجاڭ مەدەنىيىتى ژۇرنىلى» نىڭ 1997 ـ يىللىق 3 ـ 2 ـ قوشما سانىدا «ئېگىز ھارۋىلىقلار» قەبىلە ئىتتىپاقى ئىچىدە «دالان» دېگەن جەمەتنى تىلغا ئالغان. يەنە دىغار يېزىسىدا بىر كارىزنىڭ خارابىسى بولۇپ، «داراڭ كارىز» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ

دېمەك، جەمەتنىڭ لەقىمى تويۇنۇم (يەر نامى) ھالىتىدە رېئال تۇرمۇش ئىستېمالىدا ساقلانغان.

كۇۋالار

«كۇۋا» لەقەملىك كىشىلەر ھازىر پىچان ناھىيەسىنىڭ لۈكچۈن بازىرى مۇقام كەنتى (تۈۋەن مەھەللە)، مىڭ غاتور مەھەللە، دالانكارىز، دىغار، لەمجىن، پىچان يېزىسى، ھەتتا قومۇلنىڭ قىسمەن جايلىرىدا ھازىرمۇ بار. خوتەن ۋىلايىتىنىڭ قىسمەن جايلىرىدىمۇ «كۇۋا» جەمەتىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

«تويۇقونلارنىڭ 6 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا كۇۋالوي (لۇي كوۋا دەپمۇ ئاتالغان) دېگەن خانى بولغان. ئۇ شەرقىي ۋېي خانىغا كۇيۇئوغۇل بولغان.» خىرونىكا جەھەتتىن كۆزەتكەندە بۇ دەل تويۇقونلار شەرقىي شىنجاڭنى ئىگىلەپ، جەنۇبىي شىنجاڭغا بارغان مەزگىللەرگە توغرا كېلىدۇ.

خەنزۇچە مەنبەلەردىكى «克瓦人»، «卡发» بىلەن ئەرەب سەييايلىرىنىڭ يازمىلىرىدىكى قارلۇق قەبىلە ئىتتىپاقىغا تەۋە «كۇۋالىن» جەمەتى ئاھاڭ جەھەتتىن بىر ـ بىرىگە يېقىن تۇرىدۇ. بىر قاراشتا پەرقى بولغىنى بىلەن تىلدىن ـ تىلغا تەرجىمە قىلىنىش، يازمىغا ئېلىنىش داۋامىدا ئازدۇر ـ كۆپتۇر ئۆزگىرىپ كېتىش ئېھتىماللىقى چوڭ.

چابىش (چېۋىش)لار

كەمىنە چابىش جەمەتىدىن بولىمەن. بىزنىڭ جەمەت پىچان ناھىيەسى لۈكچۈن رايونىدىكى ئوتتۇرا ھال جەمەتكە كىرىدۇ. چوڭلىرىمىزنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، بىزنىڭ لوپنۇردا ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىمىز بار ئىكەن، ئازادلىقتىن ئىلگىرى ئىزدىشىدىكەن. تۇق، كېيىن بېرىش ـ كېلىشنىڭ ئازىيىپ كېتىشى بىلەن ئىزدىشەلمەي قالدۇق.

تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىدىغان بولساق، قەدىمدە

تۈركىي خەلقلەرگە تەۋە چابىش (چېۋىش) قەبىلىسىنىڭ مىلادىيە 6 ـ ئەسىردىن 9 ـ ئەسىرگىچە چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى يايلاقلاردا زور تەسىر كۆچىگە ئىگە بولۇپ ياشىغانلىقىنى، كۆك تۈرك خانلىقى، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا مۇھىم رول ئوينىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. «مىلادىيە 712 ـ يىللاردا تۈركەش قەبىلىسىدىكى قاغان سوگا ـ مويۇنچۇرلارنىڭ بىر ـ بىرىگە قارشى ئىچكى ئۇرۇشىدا سوگا ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، چابىش ئۇرۇقىدىن باش كۆتۈرۈپ چىققان سولوقاغان ئىتتىپاقىنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرگەن، 200 مىڭدىن كۆپرەك تۈركىي تىللىق ئاھالە ئۇنىڭ بايرىقى ئاستىغا توپلانغان.» تۈركەشلەر مىلادىيە 732 ـ يىلى تىبەتلەرگە ئەلچى ئەۋەتىپ سوۋغا تەقدىم قىلغان. 734 ـ يىلى تىبەت قاغانىنىڭ ئاچىسى جومالىنى تۈركەش قاغانىغا ياتلىق قىلغان. يېڭى تاڭنامە «تۈركلەر تەزكىرىسى»گە ئاساسلانغاندا، بۇ قاغانىنىڭ نام ـ نەسەبى چابىش چۆرسۆگىل ئىكەن.

«چابىش» سۆزى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا چاپقۇچى، ئايغىچاقىان، چەبدەس، كەسكىن ئىش ئېلىپ بارىدىغان دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. دېمەك، مىڭ يىللار مۇقەددەم ئەجدادلىرىمىز قوللانغان قەبىلە ناملىرى ۋە كىشى ئىسىملىرى، جەمەت ناملىرى تاكى كۈنىمىزگىچە ئىزچىللىقىنى ساقلاپ كەلگەن.

پومالار

پىچان ناھىيەسى لۈكچۈن بازىرى تۆۋەن مەھەللە (ھازىرقى مۇقام كەنتى)دە «پوما» لەقەملىك بىر جەمەت ياشايدۇ. بۇلار ئانچە چوڭ جەمەت ئەمەس. شۇ جەمەتتىكى ئوقۇمۇشلۇق بىرى ماڭا: ئازادلىقتىن كېيىن خەلق ئامىسى پومېشچىكلارنى قىسقارتىپ «پوم»، «پوملار»دەپ ئاتاپ ئۆگىنىپ قالدى، بىز ئۇ «پوم»لاردىن ئەمەس، بىز «پوما جەمەتىدىن» دېدى. بۇ مەلۇمات مېنى

ئويلاندۇرۇپ قويدى، شۇ ھامان ماتېرىياللارنى ئاختۇرۇپ، بۇ جەمەتنىڭ ئېتنىك يىلتىزىنىڭ خېلى قەدىمكى زامانلارغا تۇتىشىدىغانلىقىنى بايقىدىم.

«جىننامە»دە: «جىن سۇلالىسىنىڭ تەيشى تۇنجى يىللىرىدىن باشلاپ سەددىچىنىنىڭ سىرتىدا زور سۇ ئاپىتى يۈز بەردى. شىمالىي دىلار ئىچكى رايونلارغا كۆچۈپ كېلىشكە باشلىدى. 20 يىلدا 280 مىڭ ئادەم كۆچۈپ كەلدى. ئۇلار ھون، ئارىلاشما غوزلاردىن ئىبارەت بولۇپ 19 ئۇرۇق ئىدى» دەپ يېزىلغان. ئاشۇ 19 قەبىلە ئارىسىدىكى 12 ـ سى «بومى» دەپ تىلغا ئېلىنغان. «قانۇنلار قامۇسى»دا «پوما» دەپ يېزىلغان. «پوما»لار باسمىل قەبىلە ئىتتىپاقى ئارىسىدىكى بىر قەبىلە بولۇپ، تارىختا روشەن ئىزنى قالدۇرۇپ كەتكەن. ئېلىمىز تارىخچىلىرى ، سالنامىچىلىرى قەدىمدە «جەنۇبىي سىبىرىيە ئورمانلىقىدا قىيىن قوۋزىقىدا ئۆي يېپىپ، يىلتىزىدىن تاۋاق ياساپ، ئوۋچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدىغان قوۋملارنى پوما دەپ ئاتىغان». «باسمىللار ـــ قەدىمكى تۆلەس ياكى قاڭقىل قەبىلە ئىتتىپاقىنىڭ بىر ئەزاسى. باسمىللار ياشىغان يەرلەردە نەسىللىك ئاتلار يېتىشتۈرۈلەتتى، بۇ خىل ئاتلار قەدىمكى تۈرك تىلىدا «باسمىل» دېيىلەتتى... بۇخىل ئاتلارنى يېتىشتۈرىدىغان خەلقلەرمۇ باسمىللار دەپ ئاتالغان.»

پومالارنىڭ ئېتنىك يىلتىزى قۇتلۇقلارغا، قۇتلۇقلارنىڭ نەسەبى شىمالىي دىلارغا يېتىپ بارىدىغاندەك تۇرىدۇ.

**قوزى (قوزا)لار**

پىچان ناھىيەسىنىڭ لۈكچۈن بازىرى ئامانشاھ كەنتىدە «قوزا» لەقەملىك بىر جەمەت كىشى ياشايدۇ. بىزگە مەلۇمكى، «قوزا» قوينىڭ تۇغۇلۇپ ئۈچ ئاي ئىچىدىكى بالىسىنىڭ ئاتىلىشى بولۇپ، ئادەتتىكى تىل ئىستېمالىمىزدا «قوزىدەك

ياۋاش، مۇلايىم» دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ. ھالبۇكى، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز بېسىپ ئۆتكەن تارىخ مۇساپىسىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەدىمدىن بۇيان «قوزى» (قوزا) نامىنى ئىسىم، ئۇرۇق نامى قىلىپ ئىشلەتكەنلىكىنى، بۇنىڭ تاكى ھازىرغىچە لەقەم شەكلىدە ئىزچىللىقىنى ساقلاپ كەلگەنلىكىنى كۆرەلەيمىز.

قوزىتېكىن ئەسلىي تۇرا قەبىلىسىدىن كېلىپچىققان. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ۋەزىرى بولغان. ئۇ 839 ـ يىلى باشقىلارنىڭ قۇترىتىشى بىلەن ئۆزى ۋە گىدا ئۇرۇقىدا ھاكىمىيەت ئىگىلەش غەرىزىدە ئىسيان كۆتۈرۈپ، قىرغىزلار بىلەن بىرلىشىپ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاغدۇرۇلۇشىغا كۈچ چىقارغان.

«تۇنيۇقۇق مەڭگۈ تېشى»نىڭ يەتتىنچى قۇرىدا: «بىز چوغاي قوزى، قاراقۇمدا ئولتۇرغان ئىدۇق» دېگەن جۈملە بار. چوغاي قوزى يەر نامى دەپ ئەسكەرتىلگەن.

سۈۋانلار

يېچان ناھىيەسىنىڭ لۇكچۇن، دالانكارىز يېزىلىرىدا «سۈۋان» لەقەملىك بىرنەچچە جەمەت بار، ئۇلار ناخشا ـ سازغا ماھىر بولۇپ، ئەل ئىچىدە ھاپىزلىق قىلغانلىرىمۇ، قەدىمدە ئوردىلاردا سازەندە، ناخشىچى بولغانلىرىمۇ بار ئىكەن. باشقا ھۈنەر ـ كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغانلىرىنىڭمۇ قولى گۈل، چىقىشقاق، ئىشچان، خېلى نامى بار جەمەتلەردىن سانىلىدۇ.

«سۈۋان» دېگەن نامنىڭ ئېتنىك مەنبەسىگە نەزەر سالغىنىمىزدا، ئاز بولمىغان ئۇچۇرلارغا ئېرىشەلەيمىز. «سۇينامە. تۈلەسلەر تەزكىرىسى»دە: «قومۇلنىڭ غەربىدە، كىنگىتنىڭ شىمالىدا، بۇغدا تېغىنىڭ ئەتراپلىرىدا سۈۋان، ئوغۇز، قىرغىز قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ ياشىغانلىقى ۋە تۈلەسلەر

قەبىلە ئىتتىپاقىغا كىرگەنلىكى... ھازىر سوۋان ئۇرۇقىنىڭ قازاق ئۇلۇغ يۈزنىڭ ئىچىدىكى بىر قەبىلە ئىكەنلىكى» مەلۇم. داۋۇت سايىم ئەپەندى «غەربىي رايون مىللەتلەر تارىخىدىن ئىزاھلىق لۇغەت»تە: «سوۋان قوۋمىنى ئىلى دەريا ئەترابلىرىدا ياشىغان چوڭ يۈز قازاق قەبىلىلىرى ئىچىدىكى بىر قەبىلىنىڭ نامى» دەيدۇ.

مىساڭ (مەيساڭ) لار

ھازىر پىچان ناھىيە بازىرى ئەتراپىدا مىساڭ ـ مەيساڭنى لەقەم (فامىلە) قىلغان كىچىكرەك بىر جەمەت بار.

«سۈينامە. تەۋە ئەللەر تەزكىرىسى»دە چياڭ قوۋملىرى قاتارىدا زوپىڭ، شىۋى(ئارسلان ئۇيغۇرلىرى)، گىيەن (قىيان)، بەيگو، شاگىرىن، مىساڭ... دىگەن قەدىمكى قەبىلە ناملىرى خاتىرىلەنگەن.

بۇ لەقەمنىڭ قەدىمدە بىر ئۇرۇق نامى بولغانلىقىنى، تاكى ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا يېتەرلىك.

بۇدا (بۇدۇ)لار

پىچان ناھىيەسىنىڭ لۇكچۈن بازىرى چىنارباغ كەنتى، دالانكارىز يېزىسىنىڭ يانبۇلاق كەنتىدە، خوتەندە «بۇدا» (بۇدۇ) لەقەملىك جەمەت كىشىلىرى توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. «بۇدا» (بۇدۇ)لارنىڭ خوتەندە ئولتۇراقلاشقانلىرى بىر قەدەر كۆپ بولغاچقا، قەدىمكى ئېتنىك نامى توپۇنىمغا ئۆزگىرىپ بۇدالار كەنتى، بۇدالار مەھەللىسى دەپ ئاتالغان بولۇشى مۇمكىن.

داۋۇت سايىم، راھىلە داۋۇتلار يازغان «دۇنيا مىللەتلىرى» دىگەن كىتابتا «ھازىرقى ھىندىستاننىڭ ھىمالايا ۋە بىنگالدا ياشايدىغان بۇدۇ مىللىتىنىڭ ئەسلىي خۇاڭخې، چاڭجياڭ دەريالىرىنىڭ باش ئېقىمىدا ياشايدىغان قوۋم ئىكەنلىكى، قەدىمدە ھىندىستانغا كۆچۈپ كەتكەنلىكى» بايان قىلىنىدۇ. بۇ مۇھىم يىپ ئۇچى بىزنى قەدىمدە ئوغۇزلارنىڭ سىيانپىي تاغلىرىدىن

كۆچۈپ چىققەي ـ شىراڭ ئىگىزلىكى، دۈنخۇاڭ، شەرقىي شىنجاڭ قاتارلىق جايلاردا ئالاھەزەل بىر يېرىم ئەسىردەك ياشاپ ئۆتكەنلىكىنى ئىسىمىزگە سالىدۇ. زور كۆلەملىك كۆچۈش داۋامىدا تۇرپان، خوتەن قاتارلىق جايلاردا بىر قىسىم بۇدالارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى، ھەتتا توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىپ قېلىشى تەبىئىي ئەھۋال، بۇنىڭدىن يەر نامى پەيدا بولغان.

بۇدۇلار چاسايۇز، يوغانباش، ساقال ـ بۇرتى شالاڭ، مىس رەڭلىك، ئۆڭى ئاق سېرىق، تەمبەل، مىجەزى سوغۇققان كېلىدۇ.

«قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى»دە «بۇدۇ» (بۇدا) «ئۇزۇم، ئۇزۇمنىڭ شېخى»دەپ چۈشەندۈرۈلگەن.

**تاغانلار**

پىچان ناھىيەسىنىڭ لۈكچۈن بازىرى، دالانكارىز يېزىسى باشتام كەنتى قاتارلىق جايلاردا «تاغان» نى لەقەم (فامىلە) قىلغان كىشىلەر بار. بۇ جەمەت خېلى غوللۇق جەمەتلەرنىڭ بىرى. تۇغقانلىرىنىڭ تارقىلىش دائىرىسى خېلى كەڭ. قومۇل، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردا ئولتۇراقلاشقان. ھازىرمۇ بىر ـ بىرىنى ئىزدىشىدۇ. نەسەب جەھەتتىن يىراقلاپ كەتكەن بولسىمۇ بىر ـ بىرىنى ئىزدىشىپ باردى ـ كەلدى قىلىشىدۇ.

چيەن بوچۈەن: «قەدىمكى زامانلاردا ھازىرقى خېشى كارىدورى ئەتراپلىرىدا ھون، تانغان، ئۇي قەبىلىلىرى ياشىغان» لىقىنى يازىدۇ. «تاغان» «تايغان»دىن ئىخچاملانغانمۇ؟ بۇنداق بولسا توتېم-نى ئاساس قىلغان لەقەم بولىدۇ. تاغان تانغاندىن ئىخچاملانغان لەقەم (فامىلە) بولۇشى مۇمكىن. تەكشۈرۈش جەريانىدا قەدىمكى توتېمنى ئاساسىي مەنبە قىلغان لەقەملەرنىڭ بىر قەدەر ئاز بو-لۇشى ئىككىنچى ئېھتىماللىقنى چوڭايتىۋېتىدۇ. تانغاندىكى «ن» ئۈزۈك تاۋۇشى لېكسىكىدا چۈشۈرۈپ قويۇلغان.

قۇرۇلچىلار

يېچان ناھىيەسىنىڭ دىغار، دالانكارىز يېزىلىرىدا «قۇرۇلچى» لەقەملىك خېلى چوڭ بىر جەمەت بار. بۇلارنىڭ بىر قىسمى نەسەب يىلتىزىنى يېقىنقى زامانغا باغلاپ «خان ـ پادىشاھلارنىڭ شىكارغا چىققان ۋاقتىدىكى ئوۋنى چەنلەپ ئاتقۇچىلارنىڭ ئەۋلادى بىز» دەيدۇ. ئەسلى قەدىمدىن تارتىپ قۇرۇللاردا تۇرغان جەمەت ئەلۋەتتە قورال ساقلايدۇ، ئىشلىتىدۇ. بۇنىڭ تارىخى بىر قەدەر ئۇزۇن.

12 ~ 13 ـ ئەسىرلەردە قۇرۇلغان ئۆتەڭ ـ قۇرۇللاردا ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بىلەن خىزمەت قىلغانلار قۇرۇلچى دەپ ئاتالغان. بۇ تەخمىنەن ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ موڭغۇل ئىمپېرىيەسى دەۋرىگە بېرىپ تاقىلىدۇ. قۇرۇلچى جەمەتىمۇ بىر قانچە ئەۋلاد قۇرۇللاردا قۇرۇل ساقلىغۇچى، مۇلازىمەتچى بولۇپ، ئەسكەر، ئەلچى، پوچتىكەش، سەيياھ سودىگەرلەرنى كۈتۈۋالغان. دۇنخۇاڭ ـ تۇرپان كارۋان يولىدا نەچچە رەت ماڭغان پېشقەدەم كارۋانچىلارنىڭ ئىسپاتلىشىچە، بۇ يولدىكى ئۆتەڭ ـ ساراي قۇرۇللارنىڭ خارابىسى ـ نامى بار ئىكەن.

سالجى (سالچى)لار

يېچان ناھىيەسىنىڭ دىغار يېزىسىدا سالجى (سالچى)لار جەمەتى بار. بۇ جەمەتتىكىلەرنىڭ دەپ بېرىشىچە، ئۇلار دىغار تەۋەسىدىن لوپنۇر تەرەپكە ئاقىدىغان بىر دەريادا سالچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانىكەن.

تولۇقسىز تارىخىي مەلۇماتلاردا مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 141 ـ يىلى خەن سۇلالىسىنىڭ ۋۇدى خانى زامانىدا ۋەزىر ساڭ خۇڭياڭنىڭ «غەربىي رايونلاردا بوز يەر ئېچىپ، ئۆستەڭلەرنى راۋانلاشتۇرۇش، ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش» پىكرى نەزەرگە ئېلىنمىغان. كېيىن شۇەندى خان 2 ـ يىلى شىن ۋۇشەن

ئىسمىلىك بىرەيلەن دۇنخۇاڭنىڭ غەربىدىكى بىر جايدىن قانال قېزىپ ئاشلىق يۆتكەش تەكلىپىنى بەرگەن. ھازىرقى جۇغراپىيە، تارىخقا ئائىت ئىلمىي ئەمگەكلەردە ئاندا ــ ساندا ئۇچرايدىغان چىمەن دەرياسى (خەلق ئىغىز تىلىدا دەريا قۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن قۇم دەريا دەپ ئاتالغان) شۇ دەۋردە قازغان قانالمۇ ــ قانداق؟ دەپ گۇمانلىنىشقا بولىدۇ.

سالچى جەمەتىدىكى پېشقەدەملەرنىڭ ئاتىدىن بالىغا دەپ بېرىشىچە بۇ دەريانىڭ باشلىنىش نۇقتىسى لوپنۇر كۆلى، سۇ شەرققە قاراپ ئېقىپ دۇنخۇاڭنىڭ غەربىدىكى چارتاغ (ئاق تاغ) قا يېقىنلاشقاندا تۇزلەڭلىككە تارقاپ كېتىدىكەن. قۇرۇق دەريا قىنى نىسپىي تۇز سىزىق بويىچە بولۇپ، تەبىئىي شەكىللەنگەن دەريا قىنىغا ئوخشىمايدىكەن. بەزى جايلاردا شارقىراتمىلارنىڭ ئىزنالىرى بار ئىكەن. كەڭلىكىمۇ، چوڭقۇرلىقىمۇ ئاساسەن بىر خىل بولۇپ، چۆللۈكتە، قۇملۇقتا ئاقىدىغان دەريالارغا ئوخشىماسمىش. چۈنكى تارىم دەرياسىدەك قىنىنى ئۆزگەرتىپ تۇرمىغان، دەريا ئوتتۇرىسىدا تەبىئىي كىچىك ئاراللار پەيدا بولۇپ باقمىغان، ھازىرمۇ دەريا قىشىدا قۇرۇپ قالغان توغراق، قارىياغاچ قاتارلىقلار ئۇچرايدىكەن.

**قازا (قازار)لار**

«قازا» (قازار) لەقەملىك كىشىلەر ھازىر پىچان ناھىيەسىنىڭ لەمجىن بازىرىدا ياشىماقتا. «قازا» ـــ «قازار»نىڭ ئىغىز تىلىمىزدىكى قىسقارتىلىشى، بىر بوغۇملۇق، ئىككى بوغۇملۇق سۆزلەردىكى ئاخىرقى «ر» تاۋۇشىنى چۈشۈرۈپ قويۇش تىلىمىزدىكى ئورتاقلىققا ئىگە تىل ھادىسىسىدۇر.

قەدىمدە «قازار» ناملىق قەبىلە تۇرالارنىڭ 40 قەبىلىسىنىڭ بىرى بولۇپ، تارىختا روشەن ئىزناسىنى قالدۇرغان. «قازار» دېگەن نام تاكى «كېيىنكى خەننامە» دىن تارتىپ «تۈركىي تىللار

دىۋانى»غىچە ئىزچىل خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئۇيغۇر مىللىتىنى تەشكىل قىلغۇچى ئاساسلىق قەبىلىلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

«قازار» سۆزىنىڭ ئېتىمولوگىيەسىنى تەھلىل قىلغاندا، «قازغۇچى، يوچۇق ئاچقۇچى، چوڭقۇرلىغۇچى» دېگەن مەنىلەر كېلىپچىقىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلە ناملىرىنىڭ كۆپىنچىسى تۇرگۇنلۇك، چەبدەسلىك، باتۇرلۇق، جەڭگىۋارلىقنى ئۆزىگە بەلگە قىلغان بولۇپ، قەبىلە نامى ئۆز نۆۋىتىدە شۇ قەبىلە ئەزالىرىنىڭ ئورتاق لەقىمى، ئاتىلىشى بولغان. لەمجىنىدىكى خەلقنىڭ «قازار» دىن ئىبارەت قەدىمىي ئېتنىك نامىنى ھازىرغىچە ساقلاپ كەلگەنلىكى تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ تارىخىي سىر مەنىلىرىنى يوشۇرۇپ، ساقلاپ كەلگەنلىكىنىڭ پاكىتى. بۇنى تامسىز مۇزېيدا، شەكىلسىز ساقلانغان، ئۆزگەرمەس، ئۇيپىرىماس ئابىدە دېيىش بىلەن، چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيەچىلىرى ئالالمىغان، ھەم ئوغرىلىيالمايدىغان بايلىق دەپ قاراشقا بولىدۇ.

تۇرغايلار

«تۇرغاي» قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا ئائىت سۆز بولۇپ، ئۇيغۇرلاردا بالىسى تۇرمىغان ئاتا ـ ئانىلار قەدىمدىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئۇدۇم بويىچە ھېچقانداق دىنىي تۈس ئالمىغان ئىسىملارنى بالىلىرىغا قويغان. مەسىلەن: تۇرسۇن، تۇرغىن (تۇرغۇن)، توختى، توختاشخان... دېگەندەك. تۇرغايمۇ شۇ جۈملىدىن.

ھازىر تورغاي (تۇرغاي) قازاقىستاندىكى بىر ئوبلاستىنىڭ نامى، بۇ نام ئەسلىي قارلۇق قەبىلە ئىتتىپاقىدىكى بارلاس ئۇرۇقىدىن بولغان تورغاي (تۇرغاي) جەمەتىنىڭ نامى ئىكەن. ۋېنگىر ئالىمى ھېرمان ۋامبېرىنىڭ «بۇخارا ياكى ماۋارائۇننەھىر تارىخى» دېگەن كىتابىدا «ئەمىر تۆمۈر موڭغۇل نەسلىدىن ئەمەس»، «ئۇيغۇر مىللىتىگە مەنسۇپ قارلۇق قەبىلە

ئىتتىپاقىدىكى بارلاس ئۇرۇقىدىن»، «كورەگان ــ كۈيئوغۇل دېگەن سۆز ئەمەس، كۆركەم ـ سۈمباتلىق مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ»، «تارىخنامىلاردىكى تاراغاي دەپ ئاتالغان نام خاتا، بۇ ئەمىر تۆمۈرنىڭ ئاتىسىنىڭ ئىسمى، بارلاس ئۇرۇقىنىڭ ئاقساقىلىنىڭ ئىسمى تۇرغاي ئىدى» دېگەن ئىدىيەنى ئىلگىرى سۈرگەن. تىل ئىستېمالىدا «تۇرغاي» «تورغاي»غا ئۆزگىرىپ كەتكەن. ۋامبېرىنىڭ مەزكۇر ئەسىرىنى تەرجىمە قىلغان ئۆزبېك ئالىمى تاھىر قاھھاروۋ 1937 ـ يىلى قازاقىستاننىڭ قارا ساقباي دېگەن كانىنىڭ يېنىدىن تېپىلغان، ھازىر سانكىت ـ پېتىربۇرگتىكى مۇزېيدا ساقلىنىۋاتقان تاشپۇتۇككە يېزىلغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە يېزىقلارغا ئاساسەن ھەم «تۆمۈر بەگ تۇران سۇلتانى...» دېگەن ئارخېئولوگىيەلىك پاكىتلارنى دەلىل كەلتۈرۈپ، ھېرمان ۋامبېرىنىڭ پىكرىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس: ھازىرقى تورغاي ئوبلاستى قەدىمكى قەبىلە ـ ئۇرۇق نامىدىن كەلگەن. ھازىر ئاساسىي قىسمى پىچان ناھىيەسىنىڭ دىغار، لۈكچۈن، دالانكارىز قاتارلىق جايلىرىدا، تۇرپان ۋە غۇلجىنىڭ قىسمەن جايلىرىدا تورغاي لەقەملىك كىشىلەرنىڭ بولۇشى باشقا لەقەم (فامىلە)دىكى كىشىلەرگە ئوخشاشلا ئۆزىنىڭ ئېتنىك يىلتىزىنى ھازىرغىچە ساقلاپ كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

كوكورلار

پىچان ناھىيەسىنىڭ لۈكچۈن بازىرى دالانكارىز يېزىسىنىڭ باشتام كەنتىدە كوكور لەقەملىك خېلى سالمىقى بار بىر جەمەت بار.

«قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى»نىڭ 363 ـ بېتىدە «كۆكۈر» يەر نامى دەپ ئىزاھلانغان. لۇغەتتە يەر نامى دېيىلگەن بولسىمۇ «كۆكۈر» نىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنى ئىزاھلانمىغان. ئەگەر

كۆكۆر يەر نامى بولسا كوكورلارنىڭ توپلىشىپ ئولتۇراقلىششىدىن پەيدا بولغان. ئېتىنىك مەنبە - توپۇنىمغا ئۆزگەرگەن بولۇشى مۇمكىن. تارىخىي مەنبەلەردىن ئىزدىگەندە كوكور - كۆكۆرغا يېقىن ئاھاڭداش قەبىلە - ئۇرۇقلاردىن دەلىل تېپىلىدۇ.

ئەرەب ساياھەتچىسى ئىبنى فەزلان مەرۋەزىدىن نەقىل ئېلىپ قارلۇق قەبىلە ئىتتىپاقى تەركىبىدە «ئۈچ گۇرۇپپا چىگىللار، ئۈچ گۇرۇپپا ئاسكەلىكلەر (ئاشكىل - ئىزگىل بولۇشى مۇمكىن)، بىر گۇرۇپپا بولاغلار، بىر گۇرۇپپىسى كۆكەرگىنلەر، بىر گۇرۇپپىسى توخسىلار» نىڭ بارلىقىنى يازىدۇ. «كۆكەرگىن» دىكى «گىن» سۆزى قىسقارتىلغان بولۇشىمۇ ياكى ئەرەب سەيياھلىرىنىڭ تۈرك تىلىنى ئاڭلاپ يازمىغا ئالغاندا قوشۇپ قويۇلغان بولۇشىمۇ، ئون نەچچە ئەسىر مابەينىدە ھەم ئىخچاملىنىپ، قىسقارتىلىپ فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ياساپ ھازىرقى كوكور بولۇپ بىزگە كەلگەن بولۇشى مۇمكىن.

چورۇق (چارۇق)لار

ھازىر پىچان ناھىيەسىنىڭ دىغار يېزىسى ۋە باشقا يېزا - بازارلاردىمۇ «چورۇق» لەقەملىك كىشىلەر ياشايدۇ. خوتەندە چورۇقلار توپلىشىپ ئولتۇرۇپ «چورۇقلار» كەنتىنى شەكىللەندۈرگەن. ئېتنىك نام توپۇنىمغا ئۆزگەرگەن.

تۈركىي تىللىق قوۋملار تارىختىن ئىلگىرى ۋە كېيىن ناھايىتى ئۇزاق دەۋر يۇغۇرۇلۇش، پارچىلىنىش، ئىتتىپاق تۈزۈش، ئىتتىپاقتىن تارقىلىشتەك تارىخىي تاسقىلىشتىن كېيىن مىللەتلەرگە ئايرىلغان. تارىختا «چارۇق» دەپ ئاتالغان قەبىلىنىڭ نامى ئېلىمىزنىڭ 7 - ئەسىرلەردىكى تارىخنامىلىرىدا، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا بىرقەدەر ئېنىق خاتىرىلەنگەن بولۇپ، بۇ نامالار كېيىن جەمەت لەقەملىرى

شەكلىدە دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن.

تارىخقا نەزەر ئاغدۇرغىنىمىزدا، قەدىمدە «جىرىق، چارۇق» دەپ ئاتالغان بۇ قەبىلە نامىنىڭ ئىش ـ پائالىيەتلىرىدىن ئاز ـ تولا خەۋەردار بولالايمىز. «توغبات گۈي مىلادىيە 388 ـ يىلى يونۇشۇي (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى ۋۇچۇەن ناھىيەسى دائىرىسىدە) دەرياسى ۋادىسىدىكى جېرىق (چورۇق) قەبىلىسىنى مەغلۇپ قىلىپ ئۆزىگە قوشۇۋالدى.» «جېرىق» دېگەن بۇ نام خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردىن «ۋېينامە»، «سۈينامە»، «تاڭنامە»لەردە تۈرلۈك خەنزۇچە خەتلەر بىلەن ئاھاڭ تەرجىمىسى قىلىنغان. مەھمۇد كاشغەرىي «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا بۇ قەبىلىنى «چاروقلۇق» دەپ ئاتىغان. «دىۋان»نىڭ 1 ـ توم 404 ـ بېتىدە «چاروقلۇق» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان قەدىمكى قەبىلە 22 ئوغۇز قەبىلىسىنىڭ بىرسى سۈپىتىدە كۆرسىتىلگەن. ئۇلارنىڭ ياشىغان ئورنى «سۈينامە. تۈرالار ھەققىدە قىسسە» دە: «ئالتۇنتاغنىڭ جەنۇبىدا سىر ـ تاردوش، جەرۇق (چارۇق)، زابىندار، داغ...» قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ بارلىقى خاتىرىلەنگەن. «چورۇق» دېگەن نام تاڭ سۇلالىسى يىلنامىلىرىدىمۇ ئۇچرايدۇ. ھەرقايسى تارىخىي مەنبەلەردىكى «جېرىق، جەرىق، جېلو، چۆلو» دېگەن بۇ نام «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى «چورۇقلۇق»نىڭ دەل ئۆزى. ھازىر تۇرپان، خوتەن، قەشقەرنىڭ مارالبېشى تەۋەسىدىكى (باشقا جايلاردىمۇ بولۇشى مۇمكىن) خەلقلەرنىڭ «چورۇق»نى جەمەت نامى سۈپىتىدە ساقلاپ قېلىشى يۇقىرىقى كۆزقارىشىمىزنى دەلىللەپ بېرىدۇ.

**قارۋا (قارۋو)لار**

خەنزۇچە مەنبەلەردە «قاراۋىلار» دېگەن قەدىمكى قوۋم نامى ئۇچرايدۇ. بۇ قوۋمنىڭ ياشىغان ماكانى، پائالىيەتلىرى توغرىسىدا ئۇچۇر ـ مەلۇماتقا ئېرىشەلمىگەن بولسامۇ، پىچان

ناھىيەسىنىڭ دىغار يېزىسىدىكى «قارۋا ـ قارۋو» نى لەقەم (فامىلە) قىلغان خېلى ئاتانغان بىر جەمەت بار. جەمەتتىكىلەر كۆپرەك قارۋانى، خەلق بولسا تۇرمۇش لېكسىكا ئىستېمالىدا قارۋا بىلەن قارۋونى تەڭ قوللىنىدۇ. بۇ جەمەت قارا جەمەتىدىن قالسىلا چوڭ جەمەت ھېسابلىنىدۇ. قارۋو دېگەن بۇ نامنىڭ توپونىم ھالىتىدە ساقلىنىشىمۇ جەمەت ئاھالىسىنىڭ كۆپلۈكىنى، ئابرۇيلۇقلۇقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ كىشىلەرنىڭ قەدىمكى تارىخىي مەنبەلەرگە پۈتۈلگەن جەمەت ـ قوۋمنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈش تەس بولسىمۇ، بۇ ھەقتە تېخىمۇ چوڭقۇر ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

چىمەن (چۇمەن)لەر

ھازىر تۇرپان ۋە خوتەندە «چىمەن، چۇمەن» لەقەملىك كىشىلەر ياشايدۇ. ئاڭلىماققا بۇ لەقەم يېڭىدەك تۇيۇلغىنى بىلەن، تارىخ بەتلىرىنى ۋاراقلىساق، بۇ نامنىڭ قەدىمدىن بويان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىمىز.

«ئۇدۇن قاتارلىق ئۇچ دۆلەتتە خەنزۇ، چىمەن، سۇبى، تۈرك، ئۇيغۇر قاتارلىق قاراقچىلار سوقۇشۇپ پاراكەندە قىلدى.» بۇ نەقىلنىڭ ئەسلىي مەنبەسى «دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان تىبەتچە تارىخىي ماتېرىياللار» ھەم لوپ، كىروران قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان تارشا پۈتۈكلەر بولۇپ، ياپونىيەلىك تۈركشۇناس سىنئەن شىياۋفو ئەپەندىنىڭ ماقالىسىدىن ئېلىنغان.

«چىمەن» مىلادىيە 6 ـ ئەسىردە ئۆتكەن شەرقىي تۈرك خانى مۇقاننىڭ ئوغلى. ئەسلىي ئىسمى رامخان، «مىلادىيە 597 ـ يىلى سۈي سۇلالىسى رامخاننى كۈيۇئوغۇل قىلىپ يۆلەپ تەختكە چىقارغان ھەم ئېل ئىنتو چىمەن (ئەقىللىق، كۈچلۈك دېگەن مەنىدە) قاغان» دېگەن ئۇنۋاننى بەرگەن.

«سۈي ۋېندى چىمەن قاغاننىڭ سەلتەنىتىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن

دالـى شـەھـىرى (ھـازىـرقى ئىچكى موڭغۇلنىڭ خـولۇمـبـىر قوشۇننىڭ شىمالىدا) نى سالدۇرۇپ بەرگەن. چىمەن قـاغانىنىڭ قوۋملىرىنى ئورۇنلاشتۇرغان.» «سۈينامە. تىللار تـەزكىرىسـى» دە «شەرقىي تۈركلەرنىڭ چىمەن قاغانىنىڭ» سۈي سۇلالىسى بىلەن بىرلىشىپ، كۆلـوگ قاغانىنى يوقىتىشقا قـاتناشقانلىقى يېزىلغان. «تـارىخىي ھـەمىدى» دە «شەھـىرى كېتىك، شەھىرى تـەركـەن، شـەھـىرى چـەمـەن، شـەھـىرى لـوپ....» قـاتارلىق بالىقلارنىڭ بولغانلىقى يېزىلغان.

قەدىمكى جۇغراپىيە كىتابى «تاغ ـ دەريالار قامۇسى» دا تىلغا ئېلىنغـان «يۈزى» كۆلى بىلەن لوپنۇر كۆلىنى مەنبە قىلغان چىمەن دەرياسى (قۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن كىشىلەر «قۇم دەريا» دەپ ئاتايدۇ) غەربتىن شەرققە ــ دۇنخۇاڭغا قاراپ ئاقاتتى. بەلكىم «تارىخىي ھەمىدى»دىكى بەگبالىقنىڭ چىمەن دەرياسىنىڭ مەلۇم ساھىلىدا خارابىسى بولۇشى مۇمكىن. شەھىرى كېتىك (خـەلق كۆتـەك شـەھـىرى دەيدۇ) نىڭ خـارابـە ئىزى چىمـەن دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىغا جايلاشقان. «تارىخىي ھەمىدى»دە تىلغا ئېلىنغان قەدىمىي شەھەرلەرنىڭ رەت تەرتىپىنى توغرا دەپ پەرەز قىلساق، چـەمەن بالىق لوپ رايونىغا يېقىنراق جايدا بولۇشى كېرەك.

بىر قـوۋم، بىر مىللەت ئۆز تىلىنى ئۆزى ئىجاد قىلىدۇ. ئىستېمال ـ لېكسىكا جەريانىدا ئۆزى ئىسلاھ قىلىدۇ. پەيدىنپەي مۇكەممەللەشتۈرىدۇ، قېلىپلاشتۇرىدۇ، قوبۇل قىلىنغان باشقا مىللەت تىللىرىنى ئۆز تىلىنىڭ لېكسىكىسىغا بويسۇندۇرۇپ (ئاسانلاشتۇرۇپ) ئىستېمال قىلىدۇ.

ئاتاقلىق تۈركشۇناس ئالىم ج.كىلاۋسون: «ھـەرقانداق بىر تىلدا قەبىلە نامى، خاس ئىسىملار ۋە فامىلە بىلەن بىرلىكتە ئەڭ قەدىمكى ئامىللاردىن ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى شەكىل

جەھەتتە مۇقىملىقۇ ئىگە بولدۇ...تىلدا ئىشلىتىۋاتقان سۆزلەملەردىنمۇ بەكرەك مۇقىم بولىدۇ» دەپ يازىدۇ. مۇشۇ تەلىمات بويىچە بولغاندا، «تارىخىي ھەممىدى»دىكى چەمەن، خەنزۇچە ۋە تىبەتچىدىن تەرجىمە قىلىنغان «چىمىيەن»لەرنىڭ ھەممىسى خەلق ئىغىز تىلىدىكى «چىمەن» ياكى «چۇمەن»نىڭ بۇزۇپ يېزىلىشى دېيىشكە ھەقلىقمىز.

**ناۋى (ناگى)لار**

ھازىر پىچان ناھىيەسىنىڭ دىغار يېزىسى دىغار كەنتىدە «ناۋى، ناگاي، ناگايى» دېگەندەك كۆپ ۋارىيانتلىق لەقەمنى تۇرمۇشتا، ئىجتىمائىي ئالاقىدا قوللىنىۋاتقان چوڭ بىر جەمەت بار. ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش داۋامىدا ئۇ جەمەتنىڭ ناۋايلىق قىلمىغانلىقىنى ھەم ماكان شارائىتىنىڭمۇ بۇ كەسىپكە ماس كەلمەيدىغانلىقىنى بىلدىم. بۇ جەمەتتىكىلەرنىڭ بىر قىسمى كۇلالچى، ھاك پىشۇرۇش، چويۇن، پولات ئېرىتكۈچى (قۇيمىچى)، كۆمۈر خاڭلىرىنى تۇنجى ئاچقۇچىلار ئىكەن. بۇ جەمەتتىكى بىر قىسىم كىشىلەر دىغارغا يېقىن بولغان چۆل تاغدىكى قايسى جايلاردىن قانداق كان مەھسۇلاتلىرى چىقىدىغانلىقىنى (مەسىلەن: ھاك تېشى، سىڭىر تاش، كۆمۈر، تۆمۈر رۇدىسى، رەڭلىك مېتال رۇدىسى) قاتارلىقلارنىڭ مەنبەسىنى پىششىق بىلىپلا قالماي، قوغۇشۇن كانى ئاچقانىكەن. پىچان ناھىيە تەۋەسىدىكى بىر قىسىم كۆمۈر كانلارنى، تۇرپان تەۋەسىدىكى پىچان كۆمۈر كېنىنى ئەڭ بۇرۇن شۇ جەمەت باشلامچى بولۇپ ئاچقانىكەن. ئازادلىقتىن ئىلگىرى ۋە ئازادلىقتىن كېيىن باشقا يۇرتلارغا ئۇستا تېخنىك قاتارىدا تەكلىپ قىلىنىپ كۆپ جايلارغا تارقالغان ئىكەن. قالغان قىسمى ئەجدادلىرى چاپقان كارىزدا قېلىپ ئېكىنچىلىك بىلەن شۇغۇللانغانىكەن.

ئەنۋەر بايتور، خەيرىنسا سىدىقلار خەنزۇچە «بەش دەۋرنىڭ يېڭى تارىخى» دىن نەقىل ئېلىپ قىتانلارنىڭ سەككىز چوڭ ئۇرۇقى ئۇستىدە توختىلىپ ئۇلارنى «تەگرىكەي، ئىشكۆل، ئىشكۆك، ناۋى، فىنموق، نوخۇيچى، چىچەك شىرۋى (ئارسلان ئۇيغۇرلىرى)لار» قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان دەپ يازىدۇ. بەلكىم، هازىرقى ناۋى (ناگى)لار ئەنە شۇ دەۋردىن قالغان جەمەت لەقىمى بولسا كېرەك.

قۇلان ۋە چۆبەلەر

هازىر «قۇلان» لەقەملىك كىشىلەر قومۇلدا، «چۆبە» (چېۋە) لەقەملىك كىشىلەر تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ياشاپ كەلمەكتە. ئەمەلىيەتتە، بۇ ئىككى لەقەمنىڭ كېلىش مەنبەسى ناھايىتى يىراق ئۆتمۇشكە تۇتىشىدۇ ھەم بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

خەنزۇچە يازما مەنبەلەردە «قۇلان، قۇلۇن، قۇرۇلۇن» قاتارلىق ناملار بىلەن خاتىرىلەنگەن بىر قەبىلە ئۇچرايدۇ. بۇ قەبىلە خەن دەۋرىدىن ئىلگىرىلا چۆللۈكنىڭ شىمالىدا ياشىغان.

«جاڭ خېنىڭ تۇنجى يىلى (تەخمىنەن مىلادىيە 85 ـ يىلى) شىمالىي ھونلارنىڭ پايتەختى قىسماقتا ئىلىنىپ ھونلاردىن قۇلان، چۆبىل، قۇتشوي... قاتارلىق 58 قەبىلىنىڭ 200 مىڭ تۇتۇنى، سەككىز مىڭ ئەسكىرى تەسلىم بولدى» دېيىلگەن. يەنە دۇەن لېيەنچىن ئەپەندى «دىڭلىڭلار، قاڭقىللار، بىللار» ناملىق كىتابىنىڭ 419 ـ بېتىدە «يەتتە ئەل قۇلان، شىملى قاتارلىقلارنىڭ ئەل بولغانلىقى»نى نەقىل كەلتۈرىدۇ. بۇ ۋەقە مىلادىيە 4 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا توغرا كېلىدۇ.

«جىننامە» «شىمالىي دىلار ھەققىدە قىسسە»دە شىمالىي دىلار قەبىلىلىرىنى ئاساس قىلىپ سەددىچىن ئىچىدىكى رايونلارغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقانلىقىنى... ئۇلارنىڭ 19 ئۇرۇق (قەبىلە)

ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە قۇلان قەبىلىسىنىڭ بارلىقى قەيت قىلىنغان. ئەنۋەر بايتۇر ئەپەندى: «چەۋۋىك قۇلان قەبىلىسىنىڭ بىر ئۇرۇقى ئىكەنلىكى، چەۋۋىك قۇلان تۇرپانىنىڭ شىمالىدىكى تەرمەن دېگەن تاغدا كىچىك خانلىق قۇرۇپ ئۆزىنى ‹ئېركىن باغا قاغان› دەپ ئاتىغانلىقى» نى يازىدۇ. دۇەن لىيەنچىن ئەپەندىنىڭ تەتقىقاتىدا «قۇلۇنلار ھونلارنىڭ بىر ئۇرۇقى ياكى تارمىقى» بولۇپ، خەن سۇلالىسى دەۋرىدە بىر ئۇرۇشتا شىمالدىن كۆچۈپ ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلنىڭ خۇلان دېگەن جايىغا، بىر قىسمى گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى قۇلان تېغىغا ماكانلاشقان. قۇلانلار لياڭجۇغا كېڭەيگەندە «قۇلان تۇتۇق مەھكىمىسى»قۇرۇلغان. مەنبەلەردە چۆبە چىمىر مەھكىمىسىنىڭ تۇتۇقى بولغانلىقى خاتىرىلەنگەن.

چۆبە قەبىلىسى ئۇيغۇرلار تەركىبىدىكى بىر قەبىلە بولۇپ، «كونا تاڭنامە» ۋە «يېڭى تاڭنامە»لەردە «چۆبە قالى (چۆبە غالى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)نىڭ تەرجىمىھالى»تۇرغۇزۇلغان، چۆبە قەبىلىسى ئۇيغۇرلارنىڭ تاشقى تىوققۇز قەبىلىسىنىڭ بىرى ئىدى. بۇ قەبىلىنىڭ سەردارى ئىزچىل تۇردە تاڭ سۇلالىسىدە مۇھىم ۋەزىپە ئۆتىگەن. جېنگۇەن 6 ـ يىلى (632 ـ يىلى) چۆبە قالى ئانىسى بىلەن قوۋمىنى باشلاپ تاڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلىدۇ، تاڭ سۇلالىسى چۆبە قالىنىڭ قوۋمىنى گەنجۇ، لياڭجۇ ئايماقلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۆزىنى سول قانات قوشۇن سانغۇنلۇقىغا تەيىنلەيدۇ، كېيىن سول قول باسقاق بەگ مەھكىمىسىنىڭ ئۇلۇغ سانغۇنلۇق مەنسىپىگە ئولتۇرىدۇ ۋە «لياڭجۇ ئايمىقىنىڭ ئەركانبېگى» نامى بېرىلىدۇ. ئۆلگەندىن كېيىن «دۆلەتكە يۆلەكچى چوڭ سانغۇن» دېگەن نام ئىنئام قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئوغلى چۆبە مىر (قىمىر) سول قانات يىڭياڭ قورۇلىنىڭ سانغۇنلىقىغا تەيىنلىنىپ، لەنجۇ ئايمىقىنىڭ تۇتۇقى

بولۇپ، لياڭجۇ ئايمىقىنىڭ ئەركانىيگىلىك مەنسىپىگە ۋارىسلىق قىلىدۇ. چۆبە گوۋاڭ ئوك قانات باۋتاۋ قورۇلىنىڭ سانغونى بولىدۇ. چۆبە جىن ياندىاش ئەدلىيە ۋەزىرى بولىدۇ. بۇلار ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلۇشتىن بۇرۇنقى ئىشلار ئىدى.»

تارىخشۇناس جيەن بوزەننىڭ «مىنىڭ فامىلەم ۋە يۇرتۇم» دېگەن ماقالىسىدىن قارىغاندا چۆبە غالىنىڭ ئەۋلادلىرى كېيىنكى دەۋرلەردە خۇنەننىڭ چاڭدى ۋىلايىتىگە كۆچۈپ بارغاندەك تۇرىدۇ.

«قۇلان» دېگەن نامنى تارىخىي ئىزچىللىق جەھەتتىن ئومۇملاشتۇرۇپ تەھلىل قىلغاندا، ئەڭ بۇرۇنقى نەسەبى ھون ئاقساقىلى چۆبەگە تۇتىشىدۇ. قۇلان قەبىلىسىدىن چەۋۈك، كېيىنكى ئۇلۇغ بوۋىسى چۆبەنىڭ نامىنى قەبىلە نامى قىلغان.

دوم ۋە ناملار

پىچان ناھىيەسى لۈكچۈن بازىرىنىڭ سىركىپ كەنتى، دىغار يېزىسىنىڭ كارىز كۆلى كەنتلىرىدە «دوم» لەقەملىك كىشىلەر، ۋە چىنارباغ قاتارلىق كەنتلەردە ياشايدىغان «نام» لەقەملىك جەمەت كىشىلىرى ياشايدۇ. بۇ ئىككى خىل جەمەت لەقىمىنىڭ كېلىپچىقىشى خېلى ئۇزاق ئۆتمۈشكە تاقىلىدۇ.

جاڭ يۈن ئەپەندى «تۇبۇتلار بىلەن غەربىي يۇرتتىكى مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتى» ناملىق ماقالىسىدا خەنزۇچە، زاڭزۇچە مەنبەلەر بىلەن شىنجاڭ، دۇنخۇاڭ ئەتراپلىرىدىن تېپىلغان تارشا پۈتۈكلەردىن پايدىلىنىپ «دوم ۋە ناملارنىڭ ئىش ـ پائالىيەتلىرىگە دائىر مەلۇماتلارنىڭ بارلىقى»نى دەلىللەپ چىققان.

«يېڭى تاڭنامە»221 ـ جىلد غەربىي يۇرت 2 ـ قىسمىدا «دوملار تەزكىرىسى» تۇرغۇزۇلغان ۋە «دوملار چاڭلارنىڭ قوۋمى، تۇبۇتلارگە تەۋە، لەقىمى نام» دېيىلگەن . بۇ يەردىكى چاڭلارنىڭ

قوۋمى دېگەننى تارىختىكى دىلارنىڭ چاغلار بىلەن ئارىلىشىپ ئۇلتۇراقلاشقانلىقى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قاراش كېرەك.

«ئۇدۇن (خوتەن)دىكى ۋايىجىرا جەمەتى ئۇيغۇر خانلىقى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن خان جەمەتىنىڭ ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندىن سىرت ـ سۇلىدىكى قۇي جەمەتى، كۇسەندىكى بەي جەمەتى، ئاگنىدىكى دوم جەمەتى قاتارلىق خان جەمەتلىرىنىڭ ھەممىسى مۇشۇنىڭدىن كېيىن تارىختا مەڭگۈ يوقالغان.»

يۇقىرىقى يازما مەنبەلەردىن شۇنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، ئەينى دەۋردە تىبەت كېڭەيمىچىلىرى غەربىي يۇرتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان چاغنى خەنزۇ تارىخچىلىرى ئىلگىرى خېشى، دۇنخۇاڭ ئەتراپلىرىدىمۇ ياشىغان، قىسمەن چاغلار بىلەن ئارىلاش ئولتۇراقلاشقان دوم ۋە ناملارنى چاغلارنىڭ قوۋمى دەپ بىلىۋالغاندەك تۇرىدۇ. بىر قوۋمنىڭ بىرنەچچە خىل نامى بولۇشىدەك پاكىتتىن قارىغاندا «دوم» ۋە «نام»لار يەرلىكتە تارخانلىق ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەن جەمەتتەك تۇرىدۇ.

## توتېمدىن قالغان لەقەملەر

ئىنسانلار ئىپتىدائىي تۇرمۇش شارائىتىدا يىرتقۇچ ھايۋانلار، ئۇچار قۇشلار، دەل ـ دەرەخ، ئۆسۈملۈكلەرگە، ئاسمان جىسىم- لىرىغا چوقۇنغان بولۇپ، ئىنسانشۇناسلار 19 ـ ئەسىرگە كەل- گەندە بۇنداق ئىشەنچ ـ ئېتىقاد ئادىتىنى شىمالىي ئامېرىكىدىكى ئىندىيانلارنىڭ تىلى بويىچە «توتېم» دەپ ئاتىغان. بۇ سۆز «ئۇنىڭ ئەجدادى» دېگەن مەنىدە بولۇپ، ھازىر موڭغۇللاردا ساقلىنىپ قالغان «ئونگون» سۆزى بىلەن ئوخشاش مەنىدە.

ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز قەبىلە بولۇپ ئۇيۇشۇپ، سۇ، ئوت قوغلىشىپ ياشاۋاتقان مەزگىللەردە، مانا مۇشۇ يىرتقۇچ

هايۋانلارنىڭ بەزىلىرىنى ئىلاھلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى مۇقەددەس بىلگەن ۋە ئۆزلىرىنىڭ كېلىپچىقىشىنى ئۇلارغا باغلىغان. بۇ ئېتىقاد ۋە ئىشەنچ ئۇزاق ئەسىرلەر داۋاملاشقان.

«ئونگۇن ئوبيېكتى كۆپىنچە هايۋانلاردىن بولىدۇ. ئونگۇن قىلىنغان هايۋان كۆپ هاللاردا سىمۋوللاشتۇرۇلۇپ ئىنسانلارنىڭ ئەجدادى سۈپىتىدە ئۇلۇغلىنىدۇ. بۇنىڭغا ئۆرنەك سۈپىتىدە ئالتاي تاغلىرىدا ئولتۇراقلاشقان تاردوشلار ئەجدادىنىڭ بۆرە باشلىق ئىنسان ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش مۇمكىن. بۇنىڭدىن باشقا، بۇركۇت ئاتا، ئېيىق ئاتا، كۆك بۆرە (بۆرە ئاتا ـ بۆرە ئانا) قاتارلىقلارنى مىسالغا ئېلىشقا بولىدۇ. ھەتتا ئۆسۈملۈكلەرنى ئونگۇن دەپ قارىغان بەزى قەبىلىلەر شۇ ئۆسۈملۈكنى ئۇلۇغلايدۇ. مۇقەددەس قېيىن، قارا قارىغاي، توققۇز پۇتاقلىق ياغاچ قاتارلىقلار كۆك تۈرك، ئۇيغۇر، موڭغۇللاردا ئەجداد سانىلىدىغان ئونگۇنلار ئىدى.»[①]

ن.سېپىنىرنىڭ قارىشىچە، «توتېم ۋار ـ ۋارلىق دەۋرىدە تۇرۇۋاتقان ئىنسانلارنىڭ قوبۇل قىلغان لەقىمىدىن شەكىللەنگەن. مەسىلەن: مەلۇم قوۋمدىكى كىشىلەر قوشنا قوۋمدىكىلەردىن ئەقىللىق بولسا، بۇ قوۋمدىكىلەر باشقىلار تەرىپىدىن ‹تۈلكە› دەپ ئاتالغان. ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشى بىلەن بۇ لەقەم شۇ قوۋم كىشىلىرىگە سىڭىشىپ، قوۋم ئەزالىرى تۈلكىنى ئۆزىنىڭ ئەجدادى دەپ قاراپ، ئۆزلىرىنى تۈلكە قوۋمى دەپ ئاتاشقا باشلىغان.»[②]

قەدىمدە ھەربىر قەبىلە، ئۇرۇقلارنىڭ ئايرىم بەلگىسى سۈپىتىدە توتېمى بولغان. قەبىلە ـ ئۇرۇقلار مىللەت بولۇپ

① ئەسئەت سۇلايمان: «ئۇيغۇرلاردا توتېم مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 247 ـ بەت.

② «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1990 ـ يىللىق 2 ـ سان 44 ـ بەت.

تەرەققىي قىلغاندا توتېم يادرو قەبىلىنىڭ توتېمىغا مەركەزلەشكەن. ئىتتىپاق بۇزۇلسا، يەنە ئۆز جەمەتىنىڭ ئەسلىدىكى توتېمىغا قايتقان ياكى ئۆز ئىچىدە ئۆز توتېم نامىنى ئىشلىتىۋەرگەن. ئەسىرلەرنىڭ ئۆزگىرىشى، مىللەت ـ قەبىلىلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە يۇغۇرۇلۇشى، سىڭىشىشى نەتىجىسىدە، توتېم ئەسلىدىكى ئەھمىيىتىنى يوقاتقان بولسىمۇ، ھەرقايسى ئەل ـ خەلقلەردە توتېمنىڭ ئوخشىمىغان ئىزناسى قالغان. خەلقىمىز ئارىسىدا ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان توتېم ناملىرىدىن قالغان لەقەملەر بۇنىڭ جانلىق پاكىتى بولالايدۇ.

توتېم ئېتىقادىدىن قالغان لەقەملەر خەلقىمىز ئارىسىدا بىرقەدەر كەڭ تارقالغان. توتېم ناملىرىغا ئوخشاپ كېتىدىغان لەقەملەر باشقا ۋىلايەت، ناھىيە، شەھەرلەردىمۇ كۆپ، مەن بۇ يەردە ئۆزۈم بىۋاستە جەمئىيەت تەكشۈرۈشى داۋامىدا قەدىمىي يەتكەن ۋە ماتېرىيال ئىگىلىگەن يۇرتلارنىلا تىلغا ئېلىپ ئۆتتۇم. «بۆرە» لەقەملىك كىشىلەر تۇرپان شەھىرى، پىچان ناھىيەسىنىڭ بىر قىسىم يېزىلىرىدا، قومۇل خەلقى ئارىسىدا كۆپ ئۇچرايدۇ. «توشقان» لەقەملىك كىشىلەر پىچان، توقسۇن ناھىيەلىرىنىڭ يېزىلىرىدا، غۇلجا شەھەر ئەتراپىدىكى يېزىلاردا بار. «تۇلكە» لەقەملىك كىشىلەر پىچان ناھىيەسىنىڭ ھەرقايسى يېزىلىرىغا، قومۇلغا تارقالغان. «تۆگە» لەقەملىك كىشىلەر تۇرپان شەھىرى، پىچان ناھىيەسى، قاراماي شەھىرى قاتارلىق جايلارغا تارقالغان. قۇشقاچ، كالا، پاختەك، دەمدەر، ئۆردەك، چايان، سار...قاتارلىق لەقەملەرمۇ ھەممە يۇرتقا بىرقەدەر كەڭ تارقالغان.

پىچان ناھىيەسىنىڭ دىغار يېزىسىدىكى تۇلكە جەمەتىدىكى بىر پېشقەدەم كىشى ئۆزلىرىنىڭ لەقىمىنىڭ كېلىپچىقىشى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «قوشئاۋات دەيدىغان بىر قەدىمىي يۇرتتا ئىنتايىن دەھشەتلىك سۇ ئاپىتى بولۇپ، يۇرتنى قەھەتچىلىك

قاپلاپتۇ. كىشىلەر ئۇرۇق ئۇچۇن قىلدۇرغان ئاشلىقلارنىمۇ بۇلاپ ـ تالاپ يېگىلى تۇرۇپتۇ. ئەنە شۇ چاغدا ئۇلۇغ بوۋىمىز ساقلاپ قويغان بۇغداي ئۇرۇقىنى سامانلىقتا تۆكۈپ ئارىلاشتۇرۇۋېتىپتۇ. كەچتە يېتىپ ئويلىنىپ، ئۇرۇق سامانىنىڭ ئارىسىدا تۇرسا ئوبدان تۇرغان بىلەن كىشىلەر بىلىۋالسا بەربىر بۇلاپ كېتىدۇ، دەپتۇ ـ دە، كېچىچە سامانىنى تويىغا ئارىلاشتۇرۇپ بىر قىسمىنى سامانلىق لاي قىلىپ سۇپا ياساپتۇ، بىر قىسمىنى سۇپىنىڭ ئىچىگە تولدۇرۇپتۇ. ئەتىياز تېرىم مەزگىلى كەلگەندە سۇپىنى بۇزۇپ ئېتىزغا تۆكۈپ، ئوسا قىلىپ تېرىپتۇ. بۇغدايلار ئۈنۈپ چىقىپتۇ. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان يۇرت بېگى بوۋىمىزنى چاقىرتىپ، قانداق ھىيلە بىلەن ئۇرۇقنى ساقلاپ قالدىڭ؟ بالىلىرىڭ بىلەن نېمە يېدىڭلار؟ دەپ سوراپتۇ. بوۋىمىز سۇپا ياساش جەريانىنى، مۇددىئاسىنى، كالىسىنى ئۆلتۈرۈپ ئۇنىڭ گۆشىگە باشقا يۇرتتىن تېرىق ئەكېلىپ جان باققانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپتىكەن، پادىشاھ بوۋىمىزنىڭ تەدبىرلىكلىكىگە قول قويۇپ: «تۇلكىدىنمۇ قۇۋ نېمىكەنسەن جۇمۇ!» دەپتۇ. بوۋىمىز جاۋابەن: «ئاچلىقتىن ئۆلمەي دېسەڭ كالاڭنى يە، ئۇرۇقۇڭنى يېمە» دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان پادىشاھ تېخىمۇ قايىل بولۇپ: «بۇ قېرى تۇلكىگە بىر تاناپ يەر ئىنئام قىلدىم (تەخمىنەن 40 مو) دەپتۇ. شۇنىڭدىن بۇيان بىز تۇلكە جەمەتى دەپ ئاتىلىپتىكەنمىز.»

جەمئىيەت تەكشۈرۈش داۋامىدا بەزى كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ لەقىمى توغرىسىدا ناھايىتى ئاددىي، يۈزەكى دەلىللەرنى بايان قىلدى. بۇنداق لەقەملەرنىڭ تارىخىيلىقى، چىنلىقى، تىل جەھەتتىكى ئۆزگىرىش جەھەتلەردىن قايىل قىلىش كۈچى يېتەرسىز بولغاچقا ئۇلاردىن پايدىلانمىدىم.

تۆۋەندە مەن ئېتمولوگىيەسى ھەققىدە ئىزدەنگەن بەزى لەقەملەر ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمەن. بەلكىم بۇنىڭدىن كېيىنكىلەرنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ ئىزدىنىشىگە خۇرۇچ بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

**قاۋانلار**

پىچان ناھىيەسىنىڭ دالانكارىز يېزىسى بەشتام كەنتى، يانبۇلاق كەنتلىرىدە، دىغار يېزىسىنىڭ كارىزكۆلى كەنتىدە «قاۋان» لەقەملىك جەمەتلەر، كىشىلەر بار.

دوكتور ئەسئەت سۇلايمان تارىخشۇناس رېنىل (Renel) دىن نەقىل ئېلىپ مۇنداق يازىدۇ: «رىملىقلار بەش خىل بايراق ئىشلەتكەن. بىرىنچىسىگە بۆرە بېشىنىڭ شەكلى چۈشۈرۈلگەن، قالغان تۆت بايراقتا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئات، قاۋان، بۈركۈت ۋە كالا باشلىق ئادەم تەنلىك غەيرىي مەخلۇقلارنىڭ ئوبرازى چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، بۇلار ئۇلارنىڭ توتېم بەلگىلىرى ئىكەن.»[1]

ھالبۇكى، بۆرە توتېمى ۋە باشقا بىر قىسىم توتېملار ئىنسانلارغا ئورتاقلىقتۇر. «قاۋان» لەقەملىكلەرنىڭ ھەرقايسى يۇرتلارغا خېلى كەڭ تارقىلىشى بۇ لەقەمنىڭ قىسمەن ياكى كەڭ دائىرىدىكى توتېمدىن قالغان لەقەم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

**كۇچۇكلەر**

پىچان دىيارىنىڭ بۇرۇنقى قەلئە (سېپىلى) نىڭ غەربىي جەنۇبى تەرىپىدە «كۇچۇك مەھەللىسى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر مەھەللە بولۇپ، ئاساسەن بىر جەمەت خەلقى ياشايتتى. بۇ مەھەللىدىكى كىشىلەر ئالدىنقى ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى يەتتىسۇ رايونىدىن كەلگەن بىر ساياھەتچى مېھمانىنى كۈتۈۋالغان. مېھماننىڭ ئېيتىشىچە، «ئۆزىنىڭ

---

① ئەسئەت سۇلايمان: «ئۇيغۇر توتېم مەدەنىيىتى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 180 ـ بەت.

ئەجدادلىرى پىچان بازار ئەتراپىدىكى كۆچۈك جەمەتى ئىكەن.»
مېھمانىنىڭ كېلىش مەقسىتى «بىرى، ساياھەت قىلىش؛ يەنە بىرى، نەسەب تارىخىنى بىلىش، شىرەم تۇغقانلارنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى تەكشۈرۈپ بېقىش» بولۇپ، ئائىلە تەزكىرىسى يېزىپ قالدۇرغان ئائىلە تاپالماي قايتىپ كەتكەن.

بۇ جەمەتنى توتېمدىن قالغان ساقىندى لەقەملەرگە قوشۇپ يازغان بولسامۇ قەدىمىي خەنزۇچە تارىخلاردىكى ئىتچى رۇڭ (犬戎) لارغا باغلاپ كۆرگۈم كەلدى. بۇ ھېسسىي تۇيغۇنى تارىخقا سىڭدۈرۈش بولۇپ قالمىغاي دېدىم. چۈنكى تارىخىي ئىزچىللىق نۇقتىسىدىن كۆزەتكەندە قىسمەن ئاساسقا ئىگىشىمىز. قەدىمىي ئەجداد ساكلار ئارىسىدا قوشنا قوۋملار ئىتچى رۇڭ دەپ ئاتىغان جەمەت بار ئىدى ئەمەسمۇ! لېكىن بۇ خۇلاسىدە رېئاللىقتىن مەۋھۇملۇق ئۈستۈنرەك ئورۇندا تۇرىدۇ.

## كونا لەقەملەر ئاساسىدا پەيدا بولغان تۇغۇندى لەقەملەر

تارىخ تەرەققىياتىدا كونا شەيئىلەرنىڭ ئورنىنى يېڭى شەيئىلەر ئىگىلەيدۇ. لەقەم (فامىلە) لەرمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. بىر قىسىم تارىخىي ئېتنىك ناملارنىڭ مەنىسى، مەنبەسىنى بىلمەيلا چاقچاق ـ ھەزىل قىلىش ئاساسىدا تۇغۇندى لەقەم (فامىلىلەر)لەر بارلىققا كەلگەن. ھەزىل ناملارنىڭ ھەممىسىلا ئۆزلىشىپ كەتمىگەن ياكى لەقەملەنگۈچىگە سىڭىشمىگەن بولسىمۇ مەلۇم دەرىجىدىكى خاسلىقنى پەيدا قىلغان. ئالايلۇق ـ ياغاچ ـ يىغاچ لەقەملىك كىشىلەرنىڭ كىچىك بالىلىرىنى چۈيۈق، تاياق، بالاغەتكە يەتكەنلىرىنى چەگزە، ئۆي ئايرىغاندا ياغاچ دەپ ئاتايدۇ. تۆگە لەقەملىك كىشىلەرنىڭ

بالىلىرىنى «تايلاق» دەپ ئاتىغان. سىېرىق لەقەملىك كىشىلەرنىڭ بالىلىرىنى «مەشكە» دەپ ئاتىغان. توخارلارنى (توخرى) ئىېتنىك مەنبە قىلغان جەمەت نامى «ر» تاۋۇشى تاشلىنىپ، تۇخاغا، كېيىن تۇخادىكى «ئا» تاۋۇشى «ئۇ» تاۋۇشىغا ئورۇن بەرگەندىن كېيىن توخۇغا ئۆزگەرگەن. بۇ لەقەملىك جەمەتنىڭ بالاغەتكە يەتمىگەن بالىلىرىنى «چۈجە» دەپ ئاتىغان. بۇلار كېيىنچە ئايرىم جەمەت تويى بولۇپ شەكىللەنگەن ھەم تۇرپان رايونىنىڭ كۆپ جايلىرىدا بار. بۇلارنىڭ ئېتنىك يىلتىزى توخارلارغا يېتىپ بېرىشى مۇمكىن. بەزىدە تەڭداش قوللانغان. ئۆردەك لەقەملىك كىشىلەرنىڭ بالىلىرىنى «ۋەق - ۋەق» دېگەن. كەسپىي ناملاردىن «تۇگمەنچىلەرنىڭ پەرزەنتلىرىنى پوستەك - پوستەكچى، كۈچۈك (ئىت) لەقەمدىكى كىشىلەرنىڭ يەنە بىر - ئىككى خىل تۇغۇندى ۋارىيانتى بار - خاۋازا، پىستە (ئەڭ كىچىك ئىت....) دېگەندەك ھەزىل ناملار بىلەن ماھىيەتنى ئىپادىلىمەكچى بولغان.

بۇ خىل چاقچاق - ھەزىل لەقەملەرنىڭ ماھىيىتىنى تەھلىل قىلغاندا، ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە لەقەملەرنىڭ يەنە بىر خىل ۋارىيانتى ھېسابلىنىدۇ.

شەيئىلەرنىڭ تەرەققىياتى چېكىگە يەتكەندە ئۆز ئەكسىگە قايتقاندەك بەزى لەقەملەر ئەسلىي ھالىتىگە قايتقان. ناھايىتى ئاز ساندىكى تۇغۇندى لەقەملەر تۇغۇندى ھالەتتە لەقەملەنگۈچىلەرگە سىڭىشكەن. بۇ ماھىيەتتە يەنىلا ئۇيغۇر تىلى لېكسىكا تەرەققىياتىنىڭ سىمانتىكا بىلەن بىرىكىپ خاسلىقنى بەرپا قىلغانلىقىدىن ئىبارەتتۇر.

# ئالتىنچى باب
## باشقا مىللەت ناملىرىدا ئاتالغان لەقەملەر ھەققىدە

ئۇيغۇر مىللىتى شەكىللىنىش، تەرەققىي قىلىپ ھازىرقى ھالەتكە يېتىش جەريانىدا قوشۇلۇش، پارچىلىنىش ۋە يەنە قوشۇلۇشتەك قىسمەتلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن. بۇ جەرياندا ئۇيغۇر ئەسلىلىك بىرمۇنچە قەبىلە ـ ئۇرۇقلار باشقا مىللەتلەرگە، باشقا مىللەتتىكى بەزى ئۇرۇق ـ قەبىلىلەر ئۇيغۇرلارغا قوشۇلۇپ كېتىش ھادىسىسى كۆرۈلگەن. بۇ ھادىسە تاكى يېقىنقى يىللارغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

ئۇيغۇرلارنىڭ يىراق ئەجدادلىرى ھون ئىمپېرىيەسى دەۋرىدە بايقال كۆلى ئەتراپىدا ياشىغان ۋە ئومۇمەن ھونلار دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭدىن كېيىنكى تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا بىرمۇنچە قەبىلە ـ ئۇرۇقلارنى ئۆزلىرىگە قوشۇۋېلىپ، كۈچلۈك قەبىلە ئىتتىپاقىنى شەكىللەندۇرگەن، شۇنداقلا تۈرك ئىمپېرىيەسىدىن كېيىن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرۇپ، تارىخ سەھنىسىدىن ئورۇن ئالغان. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ يىمىرىلىشى ۋە ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ ئۈچ تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ كۆچۈشى، تەڭرىتاغنىڭ شەرقى، پامىرنىڭ غەربى، يەتتىسۇ ۋە پەرغانە ۋادىسىدا بۇرۇنقى قېرىنداشلىرى بىلەن قوشۇلۇشى نەتىجىسىدە ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيادا ئۇيغۇرلىشىش ۋە تۈركلىشىش باسقۇچىنى تاماملىغان. چىڭگىزخان ئىستىلاسىدىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا قاتارلىق جايلاردىكى موڭغۇل ئەسلىلىك ھۆكۈمران تەبىقە ۋە موڭغۇل ئەسلىلىك لەشكەرلەر

يەرلىكتىكىلەر بىلەن قوْدىلىشىش جەريانىدا يەرلىك خەلققە كۆپلەپ سىڭىپ كەتكەن. شۇ جەرياندا ئۇيغۇرلارغا سىڭىپ كەتكەن موڭغۇللارمۇ ناھايىتى كۆپ بولغان. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇرۇش مالىمانچىلىقى، كۆچلەر سىلىشتۇرمىسىنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇشى سەۋەبلىك، قايسى تەرەپ كۈچلۈك بولسا، قارشى تەرەپنى بويسۇندۇرۇش، ئەسىر ئېلىش جەريانىدىمۇ مىللەتلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە ئۆتۈشۈش ھادىسىلىرىمۇ كۆپىيىشكە يۈزلەنگەن. جۇڭغار خانلىقى دەۋرىدە قەشقەرىيەدىن ۋە باشقا جايلاردىن نۇرغۇن ئەسىر ئېلىنىپ تەڭرىتاغنىڭ شىمالىغا كۆچۈرۈلگەن، ئۇلار جۇڭغارلار بىلەن توي قىلىش جەريانىدا نۇرغۇن شالغۇت باللار يېتىشىپ چىققان، جۇڭغارلار ئارىسىدا چوڭ بولغانلىرى جۇڭغار بولۇپ كەتكەن، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا چوڭ بولغانلىرى ئۇيغۇرلاشقان. بۇ ھال تاكى 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىكى ئۇرۇشلاردىمۇ يۈز بېرىپ تۇرغان. بۇنىڭ ئىزنالىرى ھازىرمۇ ساقلانماقتا.

خەلقىمىز ئارىسىدا ساقلىنىۋاتقان مەخمۇت تۇڭگان، رەجەپ خىتاي، توختى قالماق، جارۇللا قالماق، ھەمرا قازاق، شەمشىدىن نوغاي، مۇھەممەتجان قىرغىز، ئەخمەت ئورۇس، ئېلى پەرەڭ دېگەندەك لەقەملەرنىڭ مەۋجۇت بولۇشى خەلقىمىزنىڭ يۇقىرىدا ئېيتىلغان مىللەتلەر بىلەن تۇرلۇك ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت مۇناسىۋىتىدە بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. «بۇنىڭ ئىچىدىكى ‹قالماق› موڭغۇل مىللىتىنى، ‹نوغاي› تاتار مىللىتىنى، ‹تۇڭگان› خۇيزۇ مىللىتىنى، ‹پەرەڭ› فىرانسۇز ياكى ياۋروپالىقلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق ناملار بىلەن ئاتالغان كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى ئۇيغۇرلار بىلەن باشقا مىللەت كىشىلىرىنىڭ نىكاھلىنىشىدىن تۇرەلگەن، ئەمما كېيىنچە پۈتۈنلەي ئۇيغۇرلىشىپ كەتكەن كىشىلەردۇر. بەزىلىرى تۇرمۇشتا باشقا مىللەت كىشىلىرى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت

ئورناتقان كىشىلەردۇر.»①

تۆۋەندە بىز ئۇيغۇرلارغا سىڭىپ كەتكەن ئېتنىك تەركىبلەر ۋە بۇ ئېتنىك تەركىبلەرنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان لەقەملەر توغرۇلۇق قىسقىچە توختىلىمىز.

خەنزۇلار:

ھازىر نۇرغۇن يۇرتلىرىمىزدا «خەنزۇ» (خىتاي) لەقەملىكلەر ئۇچرايدۇ. بۇلارنىڭ بەزىلىرى ئوخشىتىش، شۇ كىشىنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى، كىشىلىك خاراكتېرىنى تەقلىد قىلىش ئارقىلىق مۇشۇنداق لەقەم قويۇلغان بولسىمۇ، يەنە بىر قىسىم كىشىلەرگە قويۇلغان لەقەملەر ئۇلارنىڭ ئېتنىك كېلىپچىقىشىنىمۇ ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرەلەيدۇ.

ئەجدادلىرىمىز موڭغۇل ئىمپېرىيەسى دەۋرىدە كۈچلۈك قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنى تەشكىل قىلىپ يۇرگەن چاغلاردىلا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى سۇلالىلەر بىلەن كەڭ كۆلەمدە ئالاقە ئورناتقان. بولۇپمۇ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە تاڭ سۇلالىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلگەن ۋە قۇدا ـ باجىلىق مۇناسىۋەت ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەن. خان جەمەتىدىن ياكى خان ئۇنۋان بېرىپ ئەۋەتىلگەن مەلىكىلەر ئۇيغۇر قاغانلىرىنىڭ ئەتىۋارلىق خانىشلىرىدىن بولۇپ قالغان. ئۇلارغا ئەگىشىپ كەلگەن يۈزلىگەن خىزمەتكار ۋە باشقا ۋەزىپىدىكىلەر يەرلىكلەر بىلەن ئۆيلەنگەن، ئۇلار ئاستا ـ ئاستا ئۇيغۇرلار تەركىبىگە سىڭىپ كەتكەن.

ئۇنىڭدىن باشقا، تۇرپان، كۇسەن (كۇچار)، قەشقەر، يەركەن، خوتەن قاتارلىق جايلاردىمۇ ئىچكىرىگە سودا ـ سېتىق مۇناسىۋىتى بىلەن بېرىپ قالغان نۇرغۇن سودىگەرلەرمۇ

① ئازات سۇلتان قاتارلىقلار: «ئۇيغۇر فامىلە تەتقىقاتى» شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2002 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 201 ـ بەت.

يەرلىكتىكىلەر بىلەن توي قىلغان، ئۇ يەرلەردە ئۇزۇن تۇرۇپ قالغانلارنىڭ كۆپىنچىسى يەرلىكتىكىلەرگە سىڭىپ كەتكەن.

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلىپ غەربكە كۆچكەندىن كېيىن، تۇرپان، قاراشەھەر، كۇسەن قاتارلىق جايلاردىكى يەرلىكلەرگە قوشۇلۇپ كەتكەن خەنزۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تەركىبىگە سىڭىپ كەتكەن. ئۇنىڭدىن باشقا، 19 ـ ئەسىردىن باشلاپ، دىيانەتلىك سودىگەرلەر، چىڭ سۇلالىسى پادىشاھىغا سالام بەرگىلى بارغان يەرلىك ئەمەلدارلار قايتىشىدا ساۋاب بولسۇن ئۈچۈن يولدا ئۇچرىغان يېتىم قىز ۋە ئوغۇللارنى بىللە ئېلىپ چىقىپ، ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىپ، بويىغا يەتكەندىن كېيىن يەرلىكتىكىلەرگە ئۆيلەپ قويغان. بۇ ئەھۋال قومۇلدا كۆپرەك يولۇققان. قومۇللۇق سودىگەرلەر، ھەتتا پادىشاھنى تاۋاپ قىلغىلى بارغان قومۇل ۋاڭلىرى قايتىشىدا نۇرغۇن يېتىم بالىلارنى ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئەگەشتۈرۈپ چىققان، بۇنىڭ نەتىجىسىدە، خەنزۇلارنىڭ ئۇيغۇرلارغا زور دەرىجىدە سىڭىشىشى كېلىپچىققان. قومۇللۇقلار ئادەتتە ئۇلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ «سۆكچى» دەپ ئاتىشىدۇ. بۇ گەنسۇدىكى سۈجۈنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدا خوجىنىياز ھاجى قوشۇنلىرىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا يېتىپ بېرىشى ۋە يەرلىكتىكىلەرنىڭ ئۇلارنىڭ سېپىگە قوشۇلۇشى نەتىجىسىدە، شەھەر ـ بازارلارغا قاپسىلىپ قالغان خەنزۇ ئامىسىنىڭ كۆپ قىسمى يەرلىكتىكىلەرگە سىڭىپ كەتكەن.

خۇيزۇلار (تۇڭگانلار):

ھەرقايسى يۇرتلىرىمىزدا خۇيزۇ مىللىتىنى بەلگە قىلغان «تۇڭگان» لەقەملىك كىشىلەر ۋە جەمەتلەر ئۇچراپ تۇرىدۇ. بۇ لەقەمنىڭ قويۇلۇشىدا لەقەملەنگۈچىلەرنىڭ چىراييى، مىجەز ـ خۇلقى، خۇيزۇلار (تۇڭگانلار) بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، تۇرمۇش

ئادىتى، گەپ ـ سۆزى، ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىقى قاتارلىق تۇرلۇك سەۋەبلەر بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭدىن باشقا، خۇيزۇلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەلۇم بىر قىسمىنىڭ تارىخىي تەرەققىيات ۋە زۆرۈرىيەت تۇپەيلىدىن مەلۇم بىر قىسمىنىڭ بىر ـ بىرىگە سىڭىپ كەتكەنلىكتەك ئېتنىك هادىسىلەرنىمۇ مەلۇم جەھەتتىن ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدۇ.

ئىنچىكە كۆزەتكەن ئەھۋاللارغا ئاساسلانغاندا، تۇرپان ۋىلايىتى تەۋەسىدە «تۇڭگان» لەقەملىك كىشىلەر خېلى نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ. پىچان ناهىيەسىدىكى لۇكچۇن بازىرى، دالانكارىز يېزىسى، دىغار يېزىسىدا «تۇڭگان» لەقەملىكلەر خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئۇلار ئۆز نەسەبىنىڭ قاچان، قايسى دەۋرلەردە ئۇيغۇرلارغا يۇغۇرۇلۇپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. ئۇلاردىن: «سىلەر قايسى جەمەتتىن؟» دەپ سوراپ قالسىڭىز، «تۇڭگانلاردىن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

ئۇلار قوش قاپاق، ساقال ـ بۇرۇتلىرى قويۇق، قېشى تۇم، چاچلىرى يىرىك كېلىدۇ، سىياقىدىن تۇڭگانلارغا خاس بىرەر بەلگىنى تېپىش مۇمكىن ئەمەس. ئۇلار يەرلىك خەلق بىلەن ئويىئوخشاش، كارىزلار ئاۋات قىلىغان كىچىك بوستانلىقلاردا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ھەم «تۇڭگانلار مەھەللىسى»نى شەكىللەندۇرگەن. هازىرقى مىللەت ئۇقۇمى بويىچە كۆزەتكەندە تۇڭگانلار (خۇيزۇلار) ئولتۇراقلاشقاندەك چۈشەنچە بېرىدۇ. ماهىيەتتە ئۇلارنىڭ لەقىمى شۇنداق.

خۇيزۇلار (تۇڭگانلار)نىڭ شەكىللىنىشى ۋە زورىيىپ هازىرقى هالەتكە كېلىشىدە ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيادىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا خەلقلەرنىڭ ئوينىغان رولى مۆلچەرلىگۇسىز. تەتقىقاتچىلار ۋە خۇيزۇ ئالىملىرى بىردەك ئۆزلىرىنىڭ 7 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 8 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا دىن تارقىتىش مۇناسىۋىتى

بىلەن دېڭىز ۋە قۇرۇقلۇق يولى ئارقىلىق ئىچكى جۇڭگوغا كەلگەن كىشىلەرنىڭ يەرلىكتىكىلەرگە ئۆيلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىدىن شەكىللەنگەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. خۇيزۇلارنىڭ ھەقىقىي شەكىللىنىپ كۆپىيىشىدە چىڭگىزخان ئىستېلاسى ۋە ئۇنىڭ ئىمپېرىيەسى دائىرىسىدە مىللەتلەرنىڭ چوڭ كۆچۈشى، ئۆزئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىنىڭ كۈچىيىشى، مۇسۇلمان لەشكەرلەرنىڭ ئىچكى جۇڭگونىڭ ئىستېلا قىلىنىشىغا كۆپلەپ سەپەرۋەر قىلىنىشى جەريانىدا، مۇسۇلمانلارنىڭ يەرلىكتىكىلەر بىلەن ئۆيلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ئاۋۇشى نەتىجىسىدە خۇيزۇلارنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بارلىققا كەلگەن.

چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، چېگرا رايونىنى قوغداشقا ئەۋەتىلگەن خان لەشكەرلىرى تەركىبىدە ئاز بولمىغان خۇيزۇلار بولغان. 19 ـ ئەسىردە ئىچكىرىدە كۆتۈرۈلگەن خۇيزۇلار قوزغىلاڭلىرىنىڭ شىددەتلىك باستۇرۇلۇشى نەتىجىسىدە، بەي يەنخۇ باشچىلىقىدىكى خۇيزۇلار شىنجاڭغا قېچىپ چىقىپ، قومۇل، تەڭرىتاغنىڭ شىمالى، ھەتتا ئىلى، تارباغاتايغىچە بولغان يۇرتلاردا پائالىيەت قىلغان، بىر قىسمى ئوتتۇرا ئاسىياغا چىقىپ كەتكەن بولسىمۇ، كۆپ قىسمى سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى ۋە باشقا جايلاردا كۆپلەپ ئولتۇراقلاشقان. 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرى شىنجاڭدىكى ئىنقىلاب بورانلىرى، ماجۇڭيىڭنىڭ لەشكەر باشلاپ شىنجاڭغا چىقىشى ۋە تاكى قەشقەر، خوتەنلەرگىچە ئۇرۇش قىلىپ بېرىشى نەتىجىسىدە، ئۇيغۇرلار بىلەن خۇيزۇلارنىڭ زىچ مۇناسىۋىتى شەكىللەنگەن. گەرچە ماجۇڭيىڭ، ماخۇسەن كۈچلىرى كېيىن تەلتۆكۈس تازىلانغان بولسىمۇ، تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن يارىلانغان ئەسكەرلەر، قاچقۇنلار يۇرتىمىزدا قالغان ۋە يەرلىكتىكىلەر بىلەن

قۇدا ـ باجىلىق مۇناسىۋىتى ئورناتقان. ماخوسەن ئەسكەرلىرى چېكىنگەندە، گەنسۇغا چېكىنگەندە، خوتەندە قوبۇل قىلغان نۇرغۇن ئەسكەرلەرمۇ بىللە ئۇ يەرلەرگە بارغان. تىرىك قالغانلىرى يەرلىكتىكىلەرگە ئۆيلىنىپ بالا ـ چاقىلىق بولغان ۋە نۇرغۇنى خۇيزۇلارغا سىڭىپ كەتكەن. مانا مۇشۇ جەريانلاردا شەكىللەنگەن جەمەتلەر بەلكىم «تۇڭگان» لەقىمىنى ئالغان بولۇشى مۇمكىن.

موڭغۇللار (قالماقلار):

دىيارىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا «قالماق» لەقەملىك كىشىلەرنى كۆپ ئۇچرىتىمىز. تىل ئىستېمالىمىزدا «قالماق» دېگەن سۆز بىر مەنىسىدە «تاشلاندۇق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بولۇپمۇ مەدەنىي يادىكارلىقلار كۆپ بولغان تۇرپان ۋادىسىدا ئىسلامدىن ئىلگىرىكى قەبرىستانلىقلارنى «قالماق گۆرلۈكى»، قەدىمىي شەھەر، قەلئەلەرنى «قالماق شەھىرى» دەپ ئاتايدىغان ئادەت بار.

كىشىلەردىكى «قالماق» لەقىمىنىڭ كۆپىنچىسى چىراي ـ تۇرقىغا قاراپ قويۇلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئېتنىك تەركىبىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. جەمەت لەقەملىرىدىكى قالماق لەقىمىنىڭ بىر قىسمى بەلكىم ئۇيغۇرلار بىلەن موڭغۇللار (قالماقلار)نىڭ تاكى چىڭگىزخاندىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان تۇرلۇك مۇناسىۋەتلىرىنى مەلۇم جەھەتتىن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشى مۇمكىن. تىل ئالىملىرىمىزدىن مىرسۇلتان ئوسمان «لوپنۇر دىيالېكتلىرى» دېگەن كىتابىنى يېزىشتىن ئىلگىرى لوپنۇرغا بېرىپ ئۇزاق مۇددەت تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا، لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئېتنىك تەركىبىدە قالماقلارنىڭ بارلىقىنى ئېنىقلاپ چىققان.

ئۇيغۇرلار تارىختا موڭغۇللار بىلەن ناھايىتى قويۇق مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلگەن. چىڭگىزخان باش كۆتۈرۈپ

چىققاندىن كېيىن ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىنىڭ خانى بارچۇق ئارت تېكىن مەخسۇس ئەلچى ئەۋەتىپ چىڭگىزخاننىڭ ھامىيلىقىغا ئۆتكەن. ئىلىم ـ پەن ۋە دۆلەت باشقۇرۇشتا يۇكسەك تەرەققىي قىلغان ئۇيغۇرلار موڭغۇللارغا ئۇستاز بولغان، موڭغۇل ئىمپېرىيەسى تەۋەسىدە دېھقانچىلىق، مالىيە ھېساباتى، لەشكىرىي ئىشلار ۋە يۇقرادارچىلىقنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە ئۇيغۇرلار يۇقىرى مەنسەپلەرنى ئىگىلەپ خىزمەت قىلغان. بۇ جەرياندا قويۇق ـ باجىلىق مۇناسىۋىتى باشلىنىپ كەتكەن. ئىسلام دىنىنىڭ شەرققە كېڭىيىشى نەتىجىسىدە، چىڭگىزخان ئەۋلادلىرىدىن چىققان ھۆكۈمدارلار ئارىسىدىمۇ بۇ دىنغا ئىشىنىدىغانلار كۆپەيگەن، شۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيادىكى موڭغۇل ھۆكۈمرانلار، ئەمەلدارلار، لەشكەرلەر ھەم ئىسلاملىشىش ھەم تۈركلىشىش باسقۇچىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن. بولۇپمۇ چاغاتاي ئۇلۇسى تەۋەسىدە تۈركلىشىش يۇقىرى پەللىگە يەتكەن، تۈركلەشكەن بولسىمۇ، كۆچمەنچىلىك تۇرمۇش شەكلىنى ساقلاپ قالغان بەزى موغۇل ئەسىللىك قەبىلىلەر يەرلىكلەر تەرىپىدىن «موغۇل» دەپ ئاتالسىمۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنى تۈرك دەپ ئاتىغان. چاغاتاي خاننىڭ ئەۋلادى بولغان تۇغلۇق تۆمۈرخان 14 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، بۇ دىننى قاراشەھەر، تۇرپان، قوموللارغا كېڭەيتىشتە غايەت زور رول ئوينىغان. ئۇنىڭ يېتەكلىشى ۋە مەجبۇرلىشى بىلەن شەرقىي چاغاتاي خانلىقىغا تەۋە موڭغۇل ئەمەلدار، لەشكەر، يۇقىرالىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئىسلاملاشقان ۋە ئۇيغۇرلاشقان. ئۇلارنىڭ ئەۋلادىدىن بولغان مەنسۇرخان، سۇلتان سەئىدخانلار دەۋرىدە «موغۇل» ئەسىللىك ۋە چاغاتاي ئەسىللىكلەردىن ئارلات، سۇلدۇز، جۇراس، دوغلاتلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرلاشقان.

جوڭغار خانلىقىنىڭ سەئىدىيەلەرنىڭ دۆلەت چىرىغىنى ئۆچۈرۈشى ۋە قورچاق خوجىلار ھاكىمىيىتى دائىرىسىدە جوڭغارلار (سول قانات موڭغۇللار) دىن نۇرغۇن لەشكەر، داروغاچىلارنىڭ قويۇلۇشى بىلەن، ئۇيغۇرلار بىلەن موڭغۇللارنىڭ مۇناسىۋىتى تېخىمۇ كۈچەيگەن. تىركىشىش ۋە ئۇرۇشۇش، سۈلھىلىشىش، ئىناق ياشاش، بىر ـ بىرىگە مەنپەئەت يەتكۈزۈش... مۇناسىۋەتلىرىدە قويۇق ـ باجىلىق كۈچەيگەن. بولۇپمۇ ھەر يىلى جەنۇبىي شىنجاڭدىن نەچچە مىڭلاپ «چاكار چوكان»لار جوڭغار خانلىقىغا يوللانغان ۋە چوڭ ـ كىچىك ئەمەلدارلارغا تارتۇقلانغان. ئۇلارنىڭ ئارىلاش قانلىق ئەۋلادلىرى جوڭغار بولۇپ كەتكەن. بەزى مەرتىۋىلىكلەرگە جوڭغار خانى تەرىپىدىن تارتۇقلانغان جوڭغار قىزلىرىدىن تۇغۇلغانلار ئۇيغۇر بولغان. مىڭ يىللاردىن بۇيان مانا مۇشۇنداق بىر ـ بىرىگە قىسمەن يۇغۇرۇلۇش موڭغۇللار بىلەن ئۇيغۇرلار مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالغان.

ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە، ھازىرقى تاشقى موڭغۇلىيەدە دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدىغان موڭغۇللىشىپ كەتكەن بىر توپ بولۇپ، ئۇلار «تارسيات» دېيىلىدىكەن. بۇ بەلكىم «تارانچى»لار بىلەن مەنبەداش بولۇشى مۇمكىن. يەنە 18 ~ 19 ـ ئەسىردىكى ئۇرۇش مالىمانچىلىقى ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تاشقى موڭغۇلىيەنىڭ قوبدۇ، ئالتاي رايونلىرىغا كۆچكەن ئۇيغۇرلارمۇ خېلى كۆپ ئىكەن، ئۇلار كېيىن ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن بولسىمۇ، قېپقالغانلىرى موڭغۇللارغا قوشۇلۇپ كېتىشكە يۈزلەنگەن.

ئىچان ناھىيەسىنىڭ لۈكچۈن بازىرى ئۈچكۆۋرۈك كەنتى قاتارلىق جايلاردا «جوڭغار» لەقەملىك بىر جەمەت ئۆتكەن،

ئەۋلادلىرى بار، ئۇلار بۇ لەقەم بىلەن ئاتىلىشنى ئانچە خالاپ كەتمىگەنلىكتىن هازىر ئۇنتۇلۇشقا باشلىدى. مەن بۇلارنى جۇڭغار خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇرلارغا قوشۇلۇپ كەتكەنلەرنىڭ ئەۋلادى بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايمەن.

**قازاقلار:**

دىيارىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا، بولۇپمۇ قازاقلار بىلەن مۇناسىۋىتى قويۇق بولغان ئىلى، تارباغاتاي، سانجى، قومۇل، تۇرپان قاتارلىق يۇرتلاردا «قازاق» لەقەملىك بىر قىسىم كىشىلەر ياشايدۇ. يەنە بەزى يەر نامىلىرىمۇ قازاق نامىدا ئاتىلىدۇ.

دېمەك، بۇ قازاقلار مىللەت بولۇپ شەكىللىنىشتىن خېلى بۇرۇنلا ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تەركىبىگە قوشۇلۇپ كەتكەنلەرمۇ، مىللەت بولۇپ شەكىللەنگەندىن كېيىن قوشۇلغانلارنىڭمۇ بارلىقىنى دەلىللەيدۇ.

ئۇيغۇرلار بىلەن قازاقلارنىڭ مۇناسىۋىتى ئىزچىل زىچ بولۇپ كەلگەن. هونلار، كۆك تۈركلەر ۋە ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە هازىرقى قازاقلارنى شەكىللەندۈرگەن قەبىلىلەر سۇ ۋە ئوت قوغلىشىپ ئاسىيا ئىچكى قۇرۇقلۇقىدا ياشىغان. چىڭگىزخان ئىستېلاسىغىچە قىپچاق دالاسىدا قازاقلارنى شەكىللەندۈرۈشكە قاتناشقان قەبىلىلەر قىپچاق خانلىقى تەركىبىدە پائالىيەت قىلغان. چىڭگىزخان ئىستېلاسىدىن كېيىن دەشتى قىپچاق ۋە رۇسىيەنىڭ ياۋروپا قىسمى ئالتۇن ئوردا خانلىقى بولۇپ قۇرۇلغان، بۇ خانلىقنىڭ ئاساسىي ئاهالىسىنى قازاق ئەسلىلىك قەبىلە ۋە خەلقلەر تەشكىل قىلغان. قازاقلار 15 ـ ئەسىردە، بولۇپمۇ ئەمىر تۆمۈر ئىمپېرىيەسى پارچىلانغاندىن كېيىن رەسمىي مىللەت سۈپىتىدە تارىخ سەھنىسىگە چىقىشقا باشلىغان. يەتتىسۇ ۋادىسىدىكى قازاق قەبىلىلىرى سەئىدىيە خانلىقىنىڭ

تەۋەلىكىدە ياشىغان، سۇلتان ئابدۇرەشىتخاننىڭ تۇنجى خانىشى چۈچۈك بىكەمۇ ئەنە شۇ قازاق قەبىلە ئاقساقاللىرىدىن بىرىنىڭ قىزى ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرلۇك تارىخىي مۇناسىۋەتلەردە قازاق خانلىقى بىلەن ئىلى ۋە قەشقەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈزۈلۈپ قالمىغان، قۇدا - باجىلىق مۇناسىۋەتمۇ كۆچەيگەن. قازاق خانلىقى 18 - ئەسىردە رۇسىيەنىڭ ھامىيلىقىغا ئۆتكەندىن كېيىن، بىر قىسىم قازاق ئاھالىلىرى ئالتاي ۋە ئىلى ۋادىسىغا كۆچۈپ ئولتۇراقلىشىشقا باشلىغان. بولۇپمۇ 19 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا رۇسلار بىلەن قارشىلاشقان قازاقلار ئىلىغا زور تۈركۈمدە كۆچۈپ كەلگەن ۋە ھازىرقى موڭغۇلكۈرە، تېكەس، كۇنەسلەرگە ئورۇنلاشقان. 20 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدا يەر ئىسلاھاتى يۈرگۈزۈلگەندە زور تۈركۈمدىكى قازاق يەر ئىگىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى كۆچۈپ، ھەتتا ئۈرۈمچى، باركۆلگىچە يېتىپ كېلىپ چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىغان. مانا مۇشۇ جەرياندا تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن قازاقلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مۇناسىۋىتى كۆچەيگەن، قۇدا - باجىلىق ئاۋۇغان. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى قازاقلارغا، قازاقلارنىڭ بىر قىسمى ئۇيغۇرلارغا سىڭىپ كېتىش ھادىسىلىرى كۆپەيگەن. خەلقىمىز ئارىسىدىكى «قازاق» لەقەملىكلەر بەلكىم مانا مۇشۇ مۇناسىۋەتلەر جەريانىدا جەمەت شەكىللەندۈرگەنلەر بولۇشى مۇمكىن. يەنە بىر تەرەپتىن ئىككى مەڭزى دۆڭ ھەم قىزىل، چىرايى قارىدىغان كىشىلەرمۇ سىياق جەھەتتىن ئوخشىتىلىپ «قازاق» دەپ لەقەملەنگەن.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قەدىمكى ئېتنىك نامىدا لەقەملەنگەنلەردىن سۇۋان، چومكۇن، يان ساقاللار بار. بۇلار ھازىر پىچان

ناھىيەسىنىڭ لۇكچۇن بازىرى، دالانكارىز يېزىلىرىدا ياشاپ كېلىۋاتىدۇ. سۇۋانلار «سۇۋاڭ» نامىدا ئاتىلىدۇ. بۇ ئۇرۇقلار قازاقلار ئارىسىدىمۇ بار. قازاق خەلقىنىڭ داڭلىق شەجەرىشۇناسى خالىدۇللىنىڭ 2005 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «قازاقنىڭ بىر تۇتاش شەجەرىسى» ناملىق كىتابىدا «قاڭلى، سارى، سوۋان، يان ساقال، ساقال، قوزا قاتارلىقلار»نىڭ قازاق چوڭ يۈزىدىكى ئۇرۇقلار ئىكەنلىكىنى يازغان. خالىدۇللىن ئەپەندى يەنە قازاق ئوتتۇرا يۈزىدە قۇلان، قىپچاق، توقماق، قارا ئەۋلى، قاراقاش، مېركىتلارنى، قازاق كىچىك يۈزىدە چومكون قاتارلىق ئۇرۇق ناملىرىنى يازغان. 2010 ـ يىلى 7 ـ ئايدا قازاقىستانغا ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش ئۈچۈن بېرىپ، بەزى ئۇرۇق ـ قەبىلىلەر ئۇستىدە ئىزدىنىش جەريانىدا، قازاق شەجەرىلىرىدە ئېيتىلغان «يان ساقال» ئۇرۇقى بىلەن پىچان ناھىيە دالانكارىز يېزىسىنىڭ بەشتام، لۇكچۇن بازىرىنىڭ قىسمەن كەنت، مەھەللىلىرىدە يان ساقال لەقەملىك كىشىلەرنىڭ بارلىقى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئېتنىك نامىنى ئىزچىل ساقلاپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدىم.

ئۇنىڭدىن باشقا، پىچان ناھىيەسىنىڭ لۇكچۇن بازىرى 3 ـ ئاھالىلەر كومىتېتىدا «قازاق مەھەللىسى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر مەھەللە بار. شۇنىڭغا ئوخشاشلا، پىچان ناھىيەسىنىڭ تۇيۇق يېزا زېرىپ كارىز كەنتىدە «قازاق كارىز» دېيىدىغان بىر كارىز بار ئىدى (ھازىر قۇرۇپ كەتتى). ئېھتىمال بۇ كارىزنى قازاق ئەزىمەتلىرىدىن بىرى چاپقان (چاپتۇرغان) بولۇشى مۇمكىن. كارىزلارنىڭ ناملىرى كۆپ ھاللاردا چاپقۇچى (چاپتۇرغۇچى) نىڭ نامى بىلەن بىرىكىپ كېتىدۇ. كېيىن باشقا بىرى ئۇ كارىزنى سېتىۋالسىمۇ، سېتىۋالغۇچىنىڭ نامى ئاسان ئۆزلەشمەي، يەنىلا كونا نامى كۆپرەك ئاتىلىدۇ.

**تاتارلار:**

يۇرتىمىزدا «تاتار» (تاتا) نامىدا ئاتىلىدىغان كىشى لەقەملىرى ۋە يەر ناملىرى ئۇچرايدۇ. ئىزدىنىپ كۆرسەك، بۇ تاتارلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىي مۇناسىۋەتلىرىگە بېرىپ چېتىلىدۇ.

تاتارلار قەدىمىي تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، كۆك تۈرك ۋە ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە مۇھىم كۆچ سۈپىتىدە چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ھاكىمىيەتلەرگە زور تەسىر كۆرسەتكەن. ئورخۇن مەڭگۈ تاشلىرىدا «توققۇز تاتار»، «ئوتتۇز تاتار» دېگەن ناملار ئۇچرايدۇ. يەنە تارىخىي ماتېرىياللاردا «ئاق تاتار»، «قارا تاتار» دېگەندەك ناملارنىمۇ ئۇچرىتىمىز. 10 ـ ئەسىردە سۇڭ سۇلالىسى پادىشاھىنىڭ تەيىنلىشى بىلەن ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىگە ئەلچىلىككە كەلگەن ۋاڭ يەندې خېشى كارىدورى ۋە ئۇنىڭغا يانداش يايلاق ۋە شەھەرلەردە ياشايدىغان تاتار قەبىلىلىرى ھەققىدە مەلۇمات بەرگەن. ئەبۇلغازى باھادىرخان ئۆزىنىڭ «شەجەرەئى تۈرك» ناملىق كىتابىدا ئەلەنجە خاننىڭ قوشكېزەك ئوغۇللىرىنىڭ بىرسىنىڭ ئىسمىنىڭ تاتار ئىكەنلىكىنى، تاتارخاننىڭ ئەۋلادلىرىدىن سەۋىنچ خانغىچە يەتتە ئەۋلادنى يازىدۇ (شۇ كىتاب 8 ~ 9 ـ بەتلەر).

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلىپ، ئۇيغۇر ھۆكۈمدارلىرى ئاھالىلىرىنى باشلاپ چۆللۈكنىڭ جەنۇبى، خېشى كارىدورى، تۇرپان، قاراشەھەر، قەشقەر، بالاساغۇنلارغا كۆچكەندىن كېيىنمۇ، تاتارلار چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى بىپايان يايلاقتا ياشاپ، ئەتراپىدىكى يايلاق مىللەتلىرى بىلەن تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەردە بولۇپ ياشىغان. چىڭگىزخان دەۋرىدە تاتارلار ئۇنىڭ كۈچلۈك رەقىبى بولغان. چىڭگىزخان كۆچ توپلاپ تاتارلارنى يەڭگەندىن كېيىن، تاتار ئاھالىلىرى كۆپلەپ غەربكە كۆچۈپ، ئىلگىرى

ئۇرال تاغلىرى، كاسپى دېڭىزى بويى ۋە شەرقىي ياۋروپاغا يەرلەشكەن قىپچىنداشلىرى بىلەن بىرلىشىپ يۇغۇرۇلۇپ، ھازىرقى تاتارلارنى شەكىللەندۈرگەن. چىڭگىزخاننىڭ چوڭ ئوغلى جۇجى قۇرغان ئالتۇن ئوردا خانلىقىنى تەشكىل قىلىشتا مۇھىم رول ئوينىغان. كېيىن قازان خانلىقىنى قۇرۇپ رۇسلار بىلەن تىركەشكەن، 16 ـ ئەسىردە رۇسلارنىڭ ھامىيلىقىغا ئۆتكەندىن كېيىن، سودا ۋە ئىلىم يولىنى تۇتۇپ، تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ئىچىدە ئەڭ ئىلغار مىللەتلەردىن بىرى بولۇپ قالغان. 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بارلىققا كەلگەن جەدىد (يېڭىچە) ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ئۇلار پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىياغا، جۈملىدىن رايونىمىزغىچە تارقاتقان. تاتارلار سودا ۋە ئىلىم ـ پەن تارقىتىش ئېھتىياجىدىن ئىلى، چۆچەك، ئالتاي، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلارغا كۆپلەپ كېلىپ ئورۇنلاشقان. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلار بىلەن تاتارلارنىڭ مۇناسىۋىتى ئەڭ قويۇقلاشقان. ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر، قۇدا ـ باجىلىق مۇناسىۋەتنىڭ كۈنسېرى ئەۋج ئېلىشىغا ئەگىشىپ، تاتارلار بىلەن ئۇيغۇرلار بەزىدە بىر ـ بىرىنىڭ مىللەت ئايرىمىسى چېگراسىدىن ھالقىپ كېتىدىغان ھالەت شەكىللەنگەن. تاتارلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ بىللە تەلىم ـ تەربىيە ئېلىشى نەتىجىسىدە ئۇلار ئارىسىدىكى مىللىي پەرق يوقىلىش ھالىتىدە تۇرماقتا.

ھازىر تۇرپان رايونىدا، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يەركەن قاتارلىق ناھىيەلىرىدە «تاتار» لەقەملىك جەمەتلەر ۋە «تاتار مەھەللىسى» دېگەندەك كەنت ـ مەھەللىلەر ئۇچرايدۇ. «تاتار» لەقەملىك كىشىلەر ۋە ئۇلار توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىپ مەھەللە ـ كەنتلەرنى شەكىللەندۈرگەن ئەھۋاللار تاتار خەلقىنىڭ مىللەت بولۇپ شەكىللەنگەندىن كېيىن ئۇيغۇرلار تەركىبىگە قوشۇلغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

قىرغىزلار:

يۇرتىمىزدا «قىرغىز» لەقەملىك كىشىلەر ئاندا ـ ساندا ئۇچراپ تۇرىدۇ. قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئاتۇش شەھىرى، ئاقتۇ ناھىيەلىرىدە، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ كوناشەھەر ۋە يېڭىشەھەر ناھىيەلىرىدە «قىرغىز مەھەللىسى» بار.

قىرغىزلار قەدىمكى مىللەت بولۇپ، مىلادىيەنىڭ باشلىرىدىلا يېنسەي دەرياسى ۋادىسىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگەن. تۈرك خانلىقى ۋە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا بېقىندى ئەل سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ ياشىغان، كېيىن تەبىئىي ئاپەت، تەپرىقىچىلىك دەستىدىن لىككىشىپ قالغان خانلىققا ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى تارمار كەلتۈرگەن. شۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۇيغۇرلار بىلەن قىرغىزلارنىڭ تارىخىي مۇناسىۋەتلىرى ئۈزۈلۈپ قالمىغان. قىرغىزلار چىڭگىزخان ئىستىلاسىدىن كېيىن جەنۇبقا سۈرۈلۈپ، غەربىي تەڭرىتاغقا ئورۇنلاشقان ۋە شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىگە غايەت زور تەسىر كۆرسەتكەن. قەشقەر، يەركەندىن ئوتتۇرا ئاسىياغا ئۆتىدىغان سودا كارۋانلىرى، لەشكىرىي يۈرۈشلەر، ئەلچىلەرنىڭ ھەممىسى قىرغىزلار ئولتۇراقلاشقان تاغلىق رايوندىن ئۆتىدىغان بولغاچقا، قىرغىزلار بىلەن مۇناسىۋەت تېخىمۇ قويۇقلاشقان. جەنۇبىي شىنجاڭدا ئاق تاغلىق ۋە قارا تاغلىق ئىشانلار مەزھىپىدىكى خوجىلارنىڭ بەزىلىرى قىرغىزلار يۇرتىدا ئۇزاق مۇددەت تۇرۇپ ئىستىقامەت قىلغان، قۇدا ـ باجىلىق مۇناسىۋەتمۇ كۈچەيگەن.

رايونىمىزدا قىرغىزلار بىلەن دائىم مۇناسىۋەتلىشىپ تۇرىدىغان يۇرتلاردا بەزى كىشىلەرنىڭ «قىرغىز» دېگەن لەقەمنى ئېلىشى بەلكىم قىرغىزلار بىلەن يېقىن ئۆتكەنلىكى ياكى چىرايىنىڭ قىرغىزلارغا ئوخشاپ قالغانلىقىدىن بولسا كېرەك.

قىرغىزلار بىلەن توي قىلىپ ئەۋلاد كۆرگەنلەرنىڭ بەزىلىرىگىمۇ «قىرغىز» دېگەن نام لەقەم بولۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر يېزىلىرىغا جايلاشقان «قىرغىز مەھەللىسى» بولسا، قىرغىز مىللىتى توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان مەھەللىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

# يەتتىنچى باب
# بەزى لەقەملەرنىڭ كېلىپچىقىشى توغرىسىدا ھېكايىلەر

لەقەملەرنىڭ كېلىپچىقىشى ھەققىدە ھەربىر يۇرتتا نۇرغۇن قىزىقارلىق ھېكايەتلەر مەۋجۇت. مەن ئىمكانىيىتىمنىڭ يېتىشىچە توپلىغان ماتېرىياللىرىم ئاساسىدا، بىرقەدەر تىپىك بولغان بىرنەچچە لەقەمنىڭ كېلىپچىقىشى ھەققىدىكى ھېكايەتلەرنى ئوقۇرمەنلەرگە سۇنۇشنى لايىق تاپتىم.

**بۆرىلەر**

مەلۇم بىر يۇرتتا ئابدۇل دېگەن پالۋان ئۆتكەن ئىكەن. ئۇ كىشى چېلىشقاندا، ياندىكى كىشىلەر قىيقاس ـ سۈرەن سېلىپ بەرسە زوقلىنىپ، قارشى تەرەپكە قارشى ھۇجۇم قىلىپ، يېقىتىدىكەن. كىشىلەر ئۇنىڭ شۇ خىل مىجەزىگە قارىتا بۆرىدەك ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ دېيىشىدىكەن. كېيىن «بۆرى» دېگەن نام بۇ كىشىگە لەقەم بولۇپ قاپتۇ ۋە ھازىرغىچە ئۇ پالۋاننىڭ ئەۋلادلىرى «بۆرىلەر» دەپ ئاتىلىپ كېلىۋېتىپتۇ. بۇ لەقەم كىشىنىڭ مىجەز ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن قويۇلغان بولۇپ، جەمەت لەقىمىگە ئەۋە.

**ئەركىلەر**

18 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ھازىرقى تۇرپان لۈكچۈندە قارانچۇق سۇلتان بولغان ئەخمەتباقى بەگ ئۆز تەۋەسىدىكى قىزىقچىلارنى ئوردىسىغا يىغىپ، كىم قىزىقچىلىق قىلىپ سۇلتاننى كۈلدۈرەلىسە، شۇنىڭغا كاتتا ئىنئام بېرىدىغانلىقىنى جاكارلاپتۇ. قىزىقچىلار ئىچىدە بىر قىزىقچى «سۇلتانىم، 12 ـ

ئايدا جۈجەم(ئۈجمە) بىشىغا چىقىپ، ھۆل جۈجەم يېگۈم كېلىۋاتىدۇ» دەپ يىغلاپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان سۇلتان كۈلۈپ كېتىپ: «بۇ تازا ئەركە كىشىكەن ـ ھە!» دەپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشىگە بۇ لەقەم سىڭىپ قاپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ ئۇ قىزىقچىنىڭ ئەۋلادلىرى «ئەركە»نى جەمەت لەقىمى قىلىپ كېلىۋاتىدۇ.

**پاقچور**

بۇ پىچان ناھىيەسىنىڭ دىغار يېزىسىدىكى بىر جەمەتنىڭ لەقىمى. بۇ جەمەت كىشىلىرىنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى ئەلنەغمىگە ھېرىسمەن، قولى چېۋەر كىشىلەردىن بولۇپ، سېغىز لايدىن پاقاچور (سېغىزلايدىن ياسىلىدىغان بىر خىل ئىپتىدائىي يەللىك چالغۇ، شەكلى پاقىغا ئوخشايدۇ) ياساپ ، تەبىئىي تاش، سىرلار بىلەن رەڭلەپ چىرايلىق ياسايدىكەن ۋە چالىدىكەن. شۇڭا ئۇلارغا «پاقچور» لەقىمى سىڭىپ قالغانىكەن ۋە ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا داۋاملىشىپ جەمەت لەقىمىگە ئايلانغانىكەن.

**ساناۋەرلەر**

تۇرپاندا تارقالغان «ساناۋەر» داستانىنى ئەل ئىچىدىكى سەنئەتكارلار ئىچىدىن جىنايىت ئىسىملىك كىشى سازغا تەڭكەش قىلىپ، توي ـ تۆكۈن، بەزمە ئولتۇرۇش سورۇنلىرىدا ناھايىتى مۇڭلۇق ئېيتىدىكەن. بۇ ئەنئەنە بۇ نەغمىچىدىن بالىسىغا مىراس بولۇپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ جەمەت كىشىلىرى داستاننىڭ نامى بىلەن «ساناۋەرلەر » لەقىمى بىلەن ئاتىلىپ كېلىۋاتىدۇ.

**پاشمانلار**

بۇ توقسۇن ناھىيەسى غولبۇيى يېزىسىدىكى كىشىلەرنىڭ غىزالىنىش ئادىتىگە ئاساسەن قويۇلغان يۇرت لەقىمى. غولبۇيى يېزىسىنىڭ تەبىئىي شارائىتى ناچار، تۇپرىقى قۇم ـ شورلۇق بولۇپ ئۈنۈمدارلىقى تۆۋەن، قۇم ـ بورانىنىڭ زىيىنى مىسلىسىز

ئېغىر بولغاچقا، بۇيەردە يازلىق زىرائەتتىن ھوسۇل ئالغىلى بولمايتتى. پەقەت ئاق قوناق، يەر ياڭىقى، كۈنجۈت قاتارلىقلارنى تېرىپ تۆۋەن ھوسۇل ئالاتتى. شۇڭا بۇ يېزىدىكى كىشىلەرنىڭ ئوزۇقلىنىشى ئاددىي بولۇپ، ئۆز تۇرمۇش ئەمەلىيىتىگە ماس ھالدا ئاسان تەييارلىغىلى بولىدىغان ئېسىل غىزا «ياشمان» (قىزىق زاغرا ياكى ئىسسىق ھورنانىنى ئۈزۈپ، چۇچۇتۇلگەن كۈنجۈت ياكى يەر ياڭىقى يېغىنى ئۈنىڭ ئۈستىگە قۇيۇپ، تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلايدۇ) نى كەشىپ قىلىپ، كۆپرەك ھەم ياقتۇرۇپ ئىستېمال قىلىپ كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ يېزىدىكى كىشىلەرنى مۇشۇ غىزا نامى بىلەن «ياشمان» دەپ ئاتاپ كەلگەن.

**تۇقچەنلەر**

بۇ پىچان ناھىيەسى لەمجىن بازىرى تەۋەسىدىكى چۇۋانقىرلىقلارنىڭ يۇرت لەقىمى. تۇقچەن كۈزلۈك تېرىلىدىغان ياۋا قوغۇننىڭ بىر تۈرى ئىكەن. بۇرۇندا چۇۋانقىردا ياشىغان ئەجدادلار يازغى بۇغدايىنىڭ ئېڭىزىغا قوناق تېرىغاندا، قوناققا تۇقچەنىنىڭ ئۇرۇقىنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئېتىزغا چېچىپ قويىدىكەن. ئاچچىقلىقىدىن سويمىسىنى يېگىلى بولمايدىغان تۇقچەن كۈزدىكى قوناق ئورۇمىغىچە قوناقلىقتا ئۆسۈپ، مۇشتەك - مۇشتەك چۈڭلۈكتا خەمەكلەپ، تاتلىق پىشىدىكەن. چۇۋانقىرلىقلار قوناق ئورۇغاندا تۇقچەن يەپ ئۇسسۇزلۇقلىرىنى قاندۇرىدىكەن. باشقا يۇرتتىكى كىشىلەر ئېتىزلىرىدىن يۇلۇپ تاشلايدىغان تۇقچەننى چۇۋانقىرلىقلارنىڭ يەيدىغانلىقىنى كۆرۈپ مەسخىرە قىلىپ، ياۋا قوغۇننىڭ نامىنى چۇۋانقىرلىقلارغا «تۇقچەنلەر» دەپ لەقەم قىلىپ قويغانىكەن.

**ياغپۇرۇكلەر:**

مەلۇم بىر يۇرتتا ئۇزۇن يىل جۇۋازچىلىق بىلەن

شۇغۇللانغان بىر ئائىلە بولغانىكەن. كىشىلەر بۇ ئائىلە باشلىقىنى ياغپۇرۇش دەپ ئاتايدىغان بولۇپتۇ ۋە بۇ ئائىلىگە ياغپۇرۇشلار دېگەن لەقەم سىڭىپ قاپتۇ. كۆنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن شۇ ئائىلىدىكى ياغ ساتىدىغان بىرسى دىققەتسىزلىكتىن تامبىلىنىڭ كەينىنى ياغقا چىلىۋېلىپ، كەينى ماي ھالدا مەھەللە ئارىلاپ ياغ سېتىپ يۈرۈۋېرىپتۇ. بۇنى كۆرگەنلەر «بۇ ياغپۇرۇشلار ئەمەس ياغپۇرۇكلەر ئىكەن» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ جەمەت كىشىلىرى «ياغپۇرۇكلەر» دەپ ئاتىلىدىغان بوپتۇ. (پۇرۇك ـ سوڭنى كۆرسىتىدۇ).

**تۆت سەرلەر**

بۇ لەقەم شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۇچرايدۇ. تەبىرىدە بەزىلىرىدە لەقەم ئىگىسىنىڭ ئورۇقلۇقىنى مۇبالىغە قىلغان، بەزىلىرىدە دائىم تۆت سەر ھاراق ئىچىدىغانلىقى مەسخىرە قىلىنغان دېگەندەك. ئەمما لەقەمنىڭ ئېغىرلىق ئۆلچىمىدىن كېلىپچىققانلىقى ئېنىق. پىچاننىڭ سىركىپ كەنتى نەچچە يۈز يىلدىن بۇيان ساپالچىلىق كەسپى بىلەن يىراق ـ يېقىنغا تونۇلغان. سىركىپتە ئابدۇرشىت كۇلالچى دېگەن كىشى ئۆزۈن يىل ئاتا كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىپ، داڭقى چىققان ئىكەن. بۇ كىشىنىڭ ياسىغان بىر خىل نەرسىلىرىنىڭ شەكلى سىپتا، ئېغىرلىقى ئوخشاش چىقىدىكەن. بولۇپمۇ مىڭ غىدىر قۇيىسىمۇ ھەربىرسىنىڭ ئېغىرلىقى ئوخشاش تۆت سەر چىقىدىكەن. يۇرتداشلار ئابدۇرشىت ئۇستىنىڭ بۇ ماھارىتىگە قاراپ «تۆت سەر» لەقىمىنى قويغانىكەن. بۇ لەقەممۇ جەمەت لەقىمىگە ئايلانغان.

**ئۆزۈنلار**

1873 ـ يىلىدىكى بەي يەنخۇ يېغىلىقىدا قومۇل خەلقى

دەھشەتلىك بولاڭ ـ تالاڭ ۋە قىرغىن قىلىنىدۇ. ساق قالغانلىرى ياقا يۇرتلارغا قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. چىڭ سۇلالىسى ئەۋەتكەن زوزۇڭتاڭ قوشۇنى تاجاۋۇزچى ياقۇپبەگ قوشۇنلىرىنى تارمار قىلىپ، 1878 ـ يىلى شىنجاڭنى تىنجىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بەي يەنخۇ تەرىپىدىن ھەپسىگە ئېلىنغان قومۇل ۋاڭى مېھرىبانۇ چىڭۋاڭمۇ قومۇلغا قايتىپ كېلىپ، قومۇلنى قايتىدىن قۇرۇش، گۈللەندۈرۈش ئىشىنى باشلايدۇ. ئۇ گوۋاڭشۇ خاندىن ئاشلىق، كىيىم ـ كېچەك ياردىمى تەلەپ قىلىش بىلەن بىرگە تۇرپان، پىچان، مورىي، گۇچۇڭ قاتارلىق جايلاردىن ئاشلىق يۆتكەپ كېلىپ، خەلققە تارقىتىپ بېرىپ، خەلقنى يۇرتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئىلھاملاندۇرىدۇ. قومۇلنىڭ چاڭغۇبور مەھەللىسىدىكى غوجامنىياز دېگەن كىشى مۇساپىرچىلىقتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۆزى 7 ~ 8 ئورىغا كۆمۈپ قويغان بۇغدايىنىڭ ساق تۇرغانلىقىنى كۆرىدۇ. ئەسلىدە ئۇلار مەجبۇرىي ئېلىپ مېڭىلغاندا، بۇ ئاشلىقلارنى پۇختا، قۇرغاق ئورىلارغا كۆمۈۋەتكەنىكەن. غوجامنىياز دېھقان بۇ ئىشنى مېھرىبانۇ چىڭۋاڭغا مەلۇم قىلىدۇ . ۋاڭ بۇ ئىشتىن سۆيۈنۈپ ، نىياز دېھقانغا «ئۇچۇڭ ئۆزىراپ، تۇۋۇڭ يېيىلسۇن» دېگەن مەنىدە «ئۆزۈن غوجامنىياز» دېگەن لەقەمنى تارتۇق قىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن غوجامنىياز دېھقانغا «ئۆزۈن» دېگەن نام لەقەم بولۇپ سىڭىپ ئەۋلادلىرىغا قالغان.

سەپرالار:

كۇچادا ساۋۇر ئاخۇن ئىسىملىك بىر كىشى بولۇپ، ئۆيىنىڭ ئەتراپىغا كۆكتات تېرىپتۇ ۋە ئەتراپىنى چىتلاپتۇ. كۆكتاتلار تازا ئۇخشىغان مەزگىلدە قوشنىسى ھەسەن ئاخۇننىڭ ئۆچكىسى كۆكتاتلارنى يەپ ۋەيران قىلىپتۇ. ساۋۇرئاخۇن قوشنىسىغا

ئۆچكىنى ئوبدان باشقۇرۇش توغرۇلۇق ئەسكەرتىپتۇ. لېكىن قوشنىسى پەرۋا قىلماپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۆچكە يەنە ئىككى قېتىم كۆكتاتلىقنى ۋەيران قىلىپتۇ، بۇنىڭغا چىدىمىغان ساۋۇرئاخۇن ئۆچكىنى ئۆتىنچى قېتىم كىرگەندە تۇتۇۋېلىپ، چاترىقىغا قىسىپ تۇرۇپ، ئايالىغا ياماقچىلىق سايمانلىرى قاچىلانغان ساندۇقچىسىنى ئەچىقتۇرۇپ، يىپ - يىڭنە، دىرەسلىرىنى ئېلىپ ئۆچكىنىڭ ئاغزىنى چىرايلىق تىكىپ قويۇپتۇ ۋە كۆكتاتلىقتا قويۇۋېتىپتۇ. ئېتىزدىن قايتقان دېھقانلار يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ساۋۇر ئاخۇننىڭ كۆكتاتلىقىدا ئاغزى - بۇرنى قان تۇرغان ئۆچكىنى كۆرۈپ قاقاھلاپ كۈلۈشۈپتۇ. ۋاراڭ - چۇرۇڭنى ئاڭلاپ ئۆيدىن چىققان ھەسەن ئاخۇن ساۋۇرئاخۇننىڭ كۆكتاتلىقىدا تۇرغان ئۆچكىسىنىڭ ھالىنى كۆرۈپ لام - جىم دېيەلمەي تۇرۇپ قاپتۇ. لېكىن يەنە چاندۇرماي «سەپرا ئادەمنىڭ قىلمايدىغان ئىشى يوقكەن» دەپ قويۇپ ئۆچكىسىنى كۆتۈرۈپ ئۆيىگە كىرىپ كېتىپتۇ. مۇشۇ ئىشتىن كېيىن ساۋۇرئاخۇنغا «سەپرا » لەقىمى سىڭىپ قاپتۇ. ساۋۇر ئاخۇندىن كېيىن بۇ لەقەم باللىرىغا مىراس قاپتۇ.

روماللار:

مەلۇم بىر يۇرتتا ھەمەر دەيدىغان بىر ئادەم بولۇپ، بەكمۇ قۇۋ - ھىيلىگەر ئىكەن. بىركۈنى يۇرتتا ئۆستەڭ چېپىش ھاشىرىغا ئادەم يىغىش ئۈچۈن مەھەللە كادىرلىرى ئۆيمۇئۆي كىرىپ ئەرلەرنى چاقىرىپتۇ. ئەمما ھەمەر دېگەن بىر ئادەمنى تاپالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر كادىر كېۋەزلىكتىكى ئاياللاردىن سۈرۈشتۈرمەكچى بولۇپ، ئۇ ئاياللاردىن سورىغانىكەن، ئاياللارنىڭ ھەممىسى كۆرمىگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. بىر ئايالنىڭ

دۆمبىسىنى قىلىپ، پەرۋامۇ قىلماي كېۋەز تېرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇ ئايالدىنمۇ سوراپ باقاي دەپ ئالدىغا بېرىپ قارىغۇدەك بولسا، كېۋەز تېرىۋاتقان كىشى دەل ھاشارغا بارمىغان ھەمەر دېگەن كىشى ئىكەن. ئەسلىدە ھەمەر دېگەن كىشى ھاشارغا بارماي، ئۆز ئىشىنى قىلىش ئۈچۈن ئايالالارنىڭ رومالىنى ئارتىپ ئۆزىنى يوشۇرغانىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن باشقىلار ئۇنى «ھەمەر رومال» دەپ چاقىرىدىغان بولۇپتۇ ۋە «رومال» لەقىمى ئۇنىڭغا سىڭىپ قاپتۇ.

قاچقۇنلار

تۇرسۇن ئىسىملىك ئادەم بىر مەھەللىگە كۆچۈپ كەپتۇ. بۇ مەھەللىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ لەقىمى بار ئىكەن. باشقىلار يېڭىدىن كەلگەن بۇ ئادەمگە نېمە دەپ لەقەم قويۇشنى بىلمەي تۇرغاندا، ئىشىك تۈۋىدە يوغان بىر قارىغاينى كۆرۈپ قىلىپ، ئۇنىڭغا «تۇرسۇن قارىغاي» دەپ لەقەم قويۇۋاپتۇ. لېكىن بۇ ئادەم لەقەمگە ئىنتايىن ئۆچ بولغاچقا، ئەتىسى باللىرىنى باشلاپ چىقىپ ھېلىقى قارىغاينى كېسىۋېتىپتۇ. مەھەللىدىكىلەر قارىسا قارىغاي يوق، تېگىدە كۆتىكى قالغان، شۇنىڭ بىلەن «تۇرسۇن كۆتەك» دەپ لەقەم قويۇۋاپتۇ. ئۇ ئادەم ئەتىسى چىقىپ ئاچچىقىدا كۆتەكنىمۇ كولاپ چىقىرىۋېتىپتۇ. مەھەللىدىكىلەر كۆتەك كولاپ قېپقالغان ئورەكنى كۆرۈپ، ئۇ ئادەمنى«تۇرسۇن ئازگال»دەپ لەقەم قويۇشۇۋاپتۇ. بۇ ئادەم بۇ مەھەللىدىكىلەردىن جاق تويۇپ باشقا مەھەللىگە كۆچۈپ كېتىپتىكەن، باشقىلار «تۇرسۇن قاچقۇن» دېگەن لەقەمنى قويۇشۇپتۇ.

پوقلار

1980 ـ يىللاردا مەلۇم بىر يۇرتتا يالقۇن ئىسىملىك بىرەيلەن پوق دەسسىۋېلىپ ئىشخانىغا كىرگەنلىكتىن «پوق»

دىگەن لەقەم قويۇلۇپ قاپتۇ. دەسلەپتە «يالقۇن پوق» دىسە لەقەم ئىگىسى بەك چىچاڭشىپ كېتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن چىچاڭشىغانسېرى بۇ لەقەم ئۇنىڭغا سىڭىپلا كېتىپتۇ. ئاندىن يالقۇن پوق ئاچچىقى كېلىپ «مۇشۇ لەقەمنى دىگەن ئاغىنىلەرنى بىر مېھمان قىلىپ پوق دىگەن لەقەمنى يوقىتاي» دەپ ئىككى شىرە ئادەم چاقىرىپ پوق دىگەن لەقەمنى دىمەسلىك توغرىسىدا كۆپ سۆزلەپ مېھمان قىلىپتۇ. نەچچە كۈندىن كېيىن خەقنىڭ ئاغزىدا: «ۋوي پالانى كۈنى يالقۇن پوق مېھمان چاقىرىپ پوق دىگەن لەقەمنى دىمەڭلا دەپ مېھمان قىلىپتۇ» دەپ گەپ بولۇپ بۇ پوق لەقىمى تېخىمۇ سىڭىپتۇ. شۇ ۋاقىتلاردا بۇ يالقۇن پوقنىڭ ئىنىلىرى بىرەر سورۇندا ئولتۇرسا ئاكىسىنىڭ پوق لەقىمىنى ئاڭلاپ باشقىلار بىلەن سوقۇشۇپ قىزىرىشىپ يۈرۈپتۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ پوق لەقىمى ئىككى ئۇكىسىغىمۇ يۇقۇپ ئۇلارنىمۇ پوق دەپ ئاتايدىغان بولۇپتۇ.....كېيىن بۇ ئۈچ ئاكا ـ ئۇكىنىڭ ئىسمىنى دىمەيلا لەقىمىنى يەنى چوڭ پوق، ئوتتۇرانچى پوق، كىچىك پوق دىسىلا يۇرتتىكى ھەممە ئادەم بىلىدىغان بولۇپ كەتكەنلىكتىن ئۇلارمۇ «پوق» لەقىمگە كۆنۈپ قاپتۇ.

**ئاقباش بىلەن ئاقماس**

2000 ـ يىللاردا مەلۇم ناھىيەدىكى بىر ئىدارىدە مەمەتربىم ئىسىملىك ئىككىيلەن بار ئىكەن. بۇ ئىككىسىنىڭ ئىسمى ئوخشاش بولسىمۇ خۇي ـ پەيلى، تۇرمۇش قارىشى، ئادىمىيلىك پەزىلىتى، خىزمەت نەتىجىسى، مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەت تۇيغۇسى، قىياپەت تۇرقى ئوخشىمىغاچقا، كىشىلەر بۇ ئىككىسىنىڭ ئىسمىنى پەرقلەندۈرۈپ، ھەركىمگە ئۆزىگە يارىشا مۇئامىلە قىلماقچى بولۇپتۇ. كۆپچىلىك غۇلغۇلا قىلىشىپ، ئاخىر بىرلىككە كېلىپ، چېچى بالدۇر ئاقىرىپ

قالغان بىرسىگە «ئاقباش» دېگەن لەقەمنى قويۇپتۇ. مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەت تۇيغۇسى ئاجىز، گېپى چوڭ، ئىشى پۇچەك، سۆلەتۋاز بىرسىگە «ئاقماس» دېگەن لەقەمنى قويۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن خىزمەتداشلىرى ئۇلارنىڭ بىرسىنى «مەمەترېھىم ئاقباش»، يەنە بىرسىنى «مەمەترېھىم ئاقماس» دەپ چاقىرىدىغان بولۇپتۇ.

# ئاخىرقى سۆز

ئۇيغۇر لەقەملىرى گويا ئۆز قوينىغا نۇرغۇن سىرلارنى ساقلاپ ياتقان، خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى فولكلورىنى جانلىق ئىپادىلەپ بېرىدىغان، ئەسىرلەر مابەينىدە تۇرلۇك مەدەنىيەتلەر تىندۇرمىسى بولغان، خىلمۇخىل ساھەلەرگە چېتىلىدىغان گۆھەر خەزىنىسىگە ئوخشايدۇ. ھالبۇكى، بۇ ساھەگە تەتقىقاتچىلىرىمىز پۈتۈن دىققىتىنى ئاغدۇرغىنى، تۇرلۇك لەقەملەرنى ئىلمىي يەكۈنلەپ، مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى، تارىخىي ئۇچۇرى ھەققىدە چوڭقۇر ئىزدىنىپ چويلىدا توختىغۇدەك ئىلمىي يەكۈن چىقارغىنى يوق. پايدىلىنىدىغان مەنبەلەرنىڭ چەكلىمىلىكى، لەقەم تەتقىقاتىنىڭ چوڭقۇرلاشماسلىقى، خەلقىمىز ئارىسىدا تۈنجى بولۇپ لەقەمگە ئائىت مەخسۇس ئەسەرنى رويابقا چىقىرىش ئۈچۈن يەڭ شىمايلاپ قالغانلىقىم ئۈچۈن، ئۇيغۇر لەقەملىرى ھەققىدىكى ئېچىلمىغان ساھەلەرگە دادىللىق بىلەن يۈزلىنىشكە، ئىلمىي يەكۈن چىقىرىشقا توغرا كەلدى. بۇنچىۋالا ئېغىر مەسئۇلىيەتنىڭ ھۆددىسىدىن ئوڭۇشلۇق چىقىش ئۈچۈن كۆپ غەيرەت قىلدىم، بەزى مەسىلىلەر ھەققىدە بەزى تولۇق بولمىغان پاكىتلارنى كۆرسىتىپ شەخسىي كۆزقارىشىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، قالغان مەسىلىلەرنى بۇنىڭدىن كېيىنكى تەتقىقاتلارغا ھاۋالە قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم.

بۇ ئېغىر ئەمگەككە تەييارلىقىم پۈتمەي تۇرۇپلا قول سالغانلىقىم سەۋەبلىك نۇرغۇن سەۋەنلىك، كەمچىلىك، ھەتتا خاتالىقلارغا بىلىپ ـ بىلمەي يول قويغان بولۇشۇم مۇمكىن.

«قەدەم ئىزى بىراۋنىڭ ماڭغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ» دېگەندەك، بۇمۇ مېنىڭ ھاياتىمدا خەلقىم ئۈچۈن تۆككەن ئەمگەك تەرىمدۇر. ئۇيغۇر لەقەملىرى ھەققىدىكى تەتقىقاتلارنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، بۇ ئەھمىيەتلىك تېما ھەققىدە دەلىل ـ ئىسپاتلىرى تولۇق، ئىلمىي ئاساسى كۈچلۈك، ماتېرىيال مەنبەسى مول، لەقەملىرىمىزنىڭ ھەرقايسى قاتلام، ساھەلىرىنى ئىنچىكە تەتقىق قىلغان نوپۇزلۇق ئەسەرلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە ئىشەنچىم كامىل.

بەكرى ئىبراھىم چابىش
2014 ـ يىل 8 ـ ماي



NIEDERSÄCHS. STAATS- U. UNIV.- BIBLIOTHEK GÖTTINGEN

# ئۇيغۇر لەقەملىرى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش


تۈزگۈچى: بەكرى ئىبراھىم چابىش

پىلانلىغۇچى: ۋەلى كېرىم كۆكئالىپ
مەسئۇل مۇھەررىرى: خاسىيەت ئىبراھىم
مەسئۇل كوررېكتورى: چولپان تۇرسۇن
مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى: ئەنۋەر قاسىم
نەشر قىلغۇچى: شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى بۇلاقبېشى كوچىسى 196 ـ قورۇ
تور ئادرېسى: http://www.xjpsp.com
باسقۇچى: ئۈرۈمچى گۇاڭدا مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
نەشرى: 2015 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
بېسىلىشى: 2015 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ باسمىسى
فورماتى: 1230×880 م م 1/32 كەسلەم
باسما تاۋىقى: 5.75
كىتاب نومۇرى: ISBN 978-7-5372-5239-3
تىرازى: 1 — 3000
باھاسى: 15.00 يۈەن

تارقىتىش بۆلۈمى تېلېفون نومۇرى : 2823055 (0991)  پوچتا نومۇرى: 830001